تۈزگۈچى : سائادەت ئىمىن
مەسئۇل تەھرىرى : ئابلەت قاسىم
مەسئۇل كوررېكتورى : تۇرسۇنجان مۇسا

六年制小学课本
语 文
（第八册）
（维吾尔文）
*
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
*
فورماتى : 787×1092 ، 1/32 ؛ باسما تاۋاق : 5.75
1995 ـ يىل 10 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
2002 ـ يىل 10 ـ ئاي 8 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 179 750 — 100 001
ISBN7 — 5370 — 1077 — 8
باھاسى : 2.35 يۈەن （维课） G • 351

ئالتە يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 4-يىللىقى ئۈچۈن دەرسلىك

# ئەدەبىيات

(8-قىسىم)



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى



...ـدەرس ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



VI ئاساسي مەشىقنىڭ بەشىنچىسى ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## نەشرىياتتىن

قولىڭىزدىكى بۇ دەرسلىك كىتابنى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن نەشرىياتىمىز ئالتە يىللىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ «تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسى» نىڭ ئوقۇتۇش تەلىپىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ «مىللىي يېزىقتىكى دەرسلىكلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋاقىتلىق گۇرۇپپىسى» تەكشۈرۈپ چىقىپ، «سىناق دەرسلىك» قىلىپ قوللىنىشنى بېكىتتى.

جايلارنىڭ بۇ دەرسلىك كىتابنى بىر مەۋسۇم سىناپ ئوقۇتقاندىن كېيىن، كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسلىكنىڭ مەزمۇنى، ئىلمىيلىقى، ئىدىيىۋىلىكى ۋە سىستېمىسىنىڭ شۇ يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىغا ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن بولمىغانلىقى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى رەتلەپ چىقىپ، نەشرىياتىمىزنىڭ باش تەھرىر بۆلۈمىگە يوللاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

1989-يىل ئۆكتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


1 . كەل باھار ...... 1

2 . باھار شادلىقى ...... 3

I . ئاساسىي مەشق ...... 4

3 . ئەخمەتجان قاسىمى ...... 12

* 4 . كۆرۈشكەن كۈنى ...... 19

5 . كونا قۇدۇق ...... 29

6 . تاغام لۇشۈن ئەپەندى ...... 34

بىرەر تېكىستنى قانداق قىلغاندا ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولىدۇ ...... 43

II ئاساسىي مەشق ...... 47

7 . ئۆلتۈرۈلگەن قۇش ...... 50

8 . ئورمان — بىباھا گۆھەر ...... 54

9 . نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن ...... 58

جەننەت توشۇپ كېتىپ ...... 58

ئۇسساپ قالغاندۇ ...... 59

* 10 . ئالدار كوسا ...... 61

△11 . سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدىن ...... 66

ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ...... 66

كۆزىڭىزنى داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ ...... 67

III ئاساسىي مەشق ...... 68

12 . لاڭياشەن تېغىدىكى بەش قەھرىمان ········· 74
* 13 . زەمبىرەكچىلەر ئىستىھكامىدا ··············· 82
بىر تەرەپتىن ئوقۇپ ، بىر تەرەپتىن ئويلاش···87
Ⅳ ئاساسىي مەشىق································ 91
14 . ئۈچ بولكا······································ 95
15 . كىچىك ۋاراتار ································ 103
* 16 . ۋەدە ············································ 108
ئەتراپتىكى شەيئىلەرنى كۆزىتىشكە دىققەت
قىلىش لازىم ······································ 120
Ⅴ ئاساسىي مەشىق ······························ 123
17 . بۆرە بىلەن قوزىچاق ························ 127
△18 . پوچى پاشا ····································· 131
* 19 . بىلىقچى بىلەن ئالتۇنبېلىق ھەققىدە چۆچەك
·················································· 135
Ⅵ ئاساسىي مەشىق ······························ 148
20 . ئەمگەك — ئەڭ لەززەتلىك ··················· 155
21 . يېرىم كېچىدە چىللىغان توخۇ ················ 160
بىرىنچىدىن ، ھەقىقىي ، ئىككىنچىدىن ،
كونكرېت بولۇش كېرەك······························ 170
Ⅶ ئاساسىي مەشىق ······························ 174
يېڭى سۆزلەر ······································ 177
* بەلگىسى قويۇلغانلار ئوقۇش تېكىستلىرى
△ بەلگىسى قويۇلغانلار مۇستەقىل ئوقۇش تېكىستلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 1. گۈل باھار

كۆكلەم باغرىم گۈل، سىغىندىم سېنى،
يېشىل قوينۇڭغا تارتتىڭ مېنى.
قۇشلىرىڭنىڭ سايرىشى ئارامى جانىمنىڭ،
سۇلىرىڭنىڭ شارقىرىشى ھەرىكىتى تېنىمنىڭ.
كۆكلەم بول چاپسان، تەبىئەتكە جان سال،
چىرماشسۇن تىرىلىپ، ماڭا مەجنۇنتال.
كۆكلەم جىگىرىم سەن، ئاچ ئېتىزلارنى،
كەڭ سەھنەڭگە تارتتىڭ، ئىشچان قىزلارنى.
سەيلە قىلسۇن ھەر ياندا باھار پەرۋازى،
جاراڭلىسۇن ئېتىزدا ئەمگەك ئاۋازى.
كەتمەن ئالسۇن دېھقان، تىلغىسۇن يەرنى،
ئالتۇن تېپىش ئۈچۈن تۆكسۇن ساپ تەرنى.
تورغايلار ئىلھام بەرسۇن چىرىلداپ ھاۋادا،
ھەر ياندا شادلىقتىن ھېسلار ھۆۋەيدا.
كۆكلەم، يەرگە دەم سال، ئويغانسۇن قۇش-قۇرت،
دەرەخلەر پەخىرلەنسۇن تارتىپ ساقال-بۇرۇت.
يېشىل باغلار، ئارام چاغلار يۈزى ئېچىلسۇن،

كەڭ ھاۋانىڭ قاتلىمىغا نۇرلار چېچىلسۇن .
دېھقان بالىسى چولپان بىلەن بەسلىشىپ تۇرسۇن ،
بوستان قىلىش ئۇچۇن يەرنى ، كەتمەننى ئۇرسۇن .
مەرۋايىتتەك تەرلىرى ماڭلايدىن ئاقسۇن ،
ئىشقا تويۇپ يەرلىرى قەنتىنى چاقسۇن .
بۇ قىياپەت ، بۇ كۆرۈنۈش شائىرغا ئىلھام ،
ھېچ تويماسمەن بۇلارنى زوق بىلەن يازسام .
كەل باھار ، مەرھابا ، كۈتىمەن سېنى ،
يېشىل ئىلھام قوينىغا ئورىدىڭ مېنى .

كۆنۈكمە :

1 . شېئىرنى ئۇنلۇك ، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار .
2 . شېئىردا باھار قانداق تەسۋىرلەنگەن ؟
3 . شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار ۋە ھېسسىياتلىق ھالدا يادقا ئوقۇپ بېرىڭلار .
4 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار .
تەبىئەت ، سەيلە قىلىش ، پەرۋاز قىلىش ، تىلغاش ، ھۇۋەيدا ، پەخىرلىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2 . باھار شادلىقى

بىر يىلدا دوستۇم
باردۇر تۆت پەسىل .
ئۇنىڭ ئىچىدە
باھار ئەڭ ئېسىل .

ئىشىنىڭ بېشىدۇر
گۈل باھار دېمەك .
شۇڭا ئۇنىڭدىن
سۆيۈنەر يۈرەك .

باھار يېقىملىق
ئىلھام بەخشتۇر .
باھار شادلىقى
دىلغا نەقىشتۇر .

بەخت ، شادلىققا
سىمۋول باھار .

بەخت باھارى
بىزگە مەڭگۈ يار .

كۆنۈكمە :

1 . شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىڭلار .

2 . بىر يىلدىكى تۆت پەسىل قايسىلار؟ نېمە ئۈچۈن «باھار ئەڭ ئېسىل» دەيمىز؟ ئەمەلىي مىساللارنى كەلتۈرۈپ سۆزلەپ بېرىڭلار .

3 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار .

پەسىل ، ئېسىل ، سۆيۈنۈش ، يېقىملىق ، ئىلھام بەخش ، دىلغا نەقىش ، شادلىق ، سىمۋول ، مەڭگۈ يار

4 . تۆۋەندىكى تېپىشماقنى تېپىڭلار .

بىر دەرەختە تۆت تال پۇتاق ،
ھەر پۇتاقتا ئۈچ تالدىن شاخ .
ھەر شاختا ئوتتۇز يوپۇرماق ،
ھەر يوپۇرماقنىڭ بىر چېتى قارا ، بىر چېتى ئاق .

## I ئاساسىي مەشىق

1 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭلار ، ھەرقايسى گۇرۇپپىدىكى سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

بارلىقىغا دىققەت قىلىڭلار ، ئاندىن ھەربىر گۇرۇپپىدىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ ، ئايرىم-ئايرىم جۈملە تۈزۈڭلار .

ئاسىيا قىتئەسى ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ، تەيۋەن ، مېۋە-چېۋە ، باغ ، ئالما ، نەشپۈت ، كىتاب-ژۇرنال ، دەرسلىك كىتاب ، لۇغەت

**ئۈلگە :** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاسىيا قىتئەسىدە ، تەيۋەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس قىسمى .

2 . تۆۋەندىكى ھېكايىنى ئاۋۋال ئىچىڭلاردا ئوقۇڭلار ، ئاندىن روللارغا بۆلۈنۈپ ، ھېسسىيات بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇڭلار . ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ ، زادى كىمگە رەھمەت ئېيتىش كېرەك ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

## كىمگە رەھمەت ئېيتىش كېرەك

مايسا قىز ئاپئاق قار يوتقان ئاستىدا توپتوغرا بىر قىش ئوخلاپ ، ئەمدى ئويغىنىپتۇ . ئۇ قار يوتقىنىنى ئېچىپ ، يېشىل بېشىنى چىقىرىپ ، ئەتراپقا نەزەر تاشلىغىنىدا ، پاھ ، تاغلار كۆكىرىپ ، سۇلار شارقىراپ ئېقىۋاتقۇدەك ، باھار كەپتۇ-دە !

باھار كېلىشى بىلەن قار ھەدە كەتمەكچى بوپتۇ . بۇ چاغدا مايسا قىز قار ھەدىنىڭ قولىنى

تۇتۇپ تۇرۇپ:

— رەھمەت سىزگە قار ھەدە، سىزنىڭ قار يوتقىنىڭىز بولمىغان بولسا، مەن قىشتىن چىقالمىغان بولاتتىم!— دەپتۇ.

— مايسا قىز، ماڭا رەھمەت ئېيتىشنىڭ ھاجىتى يوق، قىش بوۋىغا رەھمەت ئېيتىش كېرەك، ئۇنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، مەن سىزگە قار يوتقاننى بېرەلمىگەن بولاتتىم،— دەپتۇ قار ھەدە.

مايسا قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغانىكەن، قىش بوۋا ئاللىقاچان ئۇيۇقتا بېرىپ بوپتۇ. مايسا قىز ئالدىرىغان ھالدا:

— رەھمەت سىزگە قىش بوۋا، سىز بىزگە قار يوتقان ئەكېلىپ بەردىڭىز،— دەپ توۋلاپتۇ.

— مايسا قىز، ماڭا رەھمەت ئېيتىشنىڭ ھاجىتى يوق، قۇياش موماڭغا رەھمەت ئېيتقىن، ئۇ، سۇنى ئىسسىتىپ، پارغا ئايلاندۇرۇپ ئاسمانغا چىقارمىغان بولسا، مەن قاردىن يوتقان تىكەلمىگەن بولاتتىم!— دەپتۇ.

مايسا قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىللىق نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش مومايغا قاراپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— رەھمەت سىزگە قۇياش موما ، سىز سۇنى ئىسسىتىپ ، پارغا ئايلاندۇرۇپ قىش بوۋامغا بەردىڭىز ، قىش بوۋام قار ھەدەمنىڭ قار يوتقان تىكىشىگە ياردەم بەردى ،— دەپتۇ .

قۇياش موماي ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان ئۆزۈن چاچلىق بېشىنى چايقاپ قويۇپ :

— مايسا قىز ، ماڭا رەھمەت ئېيتىشىنىڭ ھاجىتى يوق ، يەنىلا دېڭىز ئاناڭغا رەھمەت ئېيتساڭ بولىدۇ . ئۇنىڭ بۇژغۇنلىرى بولمىغان بولسا ، مەن قىش بوۋاڭغا ياردەم قىلالمايتتىم !— دەپتۇ .

مايسا قىز دېڭىز ئانىغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ :

— رەھمەت سىزگە دېڭىز ئانا ، سىز بۇژغۇنلارنى قۇياش مومامغا ھەدىيە قىپسىز ، قۇياش مومام ئۇنى پارغا ئايلاندۇرۇپ قىش بوۋامغا بېرىپتۇ ، قىش بوۋام ئۇنىڭدىن قار يوتقان تىكىپ قار ھەدەمگە سوۋغات قىپتىكەن ، قار ھەدەم بۇ يوتقاننى مېنى توڭلاپ قالمىسۇن ، نابۇت بولمىسۇن دەپ ماڭا ۋە مېنىڭ ئاچا-سىڭىللىرىمغا ئەكىلىپ بەردى ،— دەپتۇ .

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان دېڭىز ئانا كۆپكۆك چىرايىغا تەبەسسۇملۇق كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، ئەدەپ

بىلەن :

— ماڭا رەھمەت ئېيتىشىڭىنىڭ ھاجىتى يوق ، مايسا قىز ، كۆپچىلىككە رەھمەت ئېيتىڭ . قوياش مومىڭىز ، قىش بوۋىڭىز ، قار ھەدىڭىزنىڭ ئورتاق ئەمگىكى بولمىغان بولسا ، سىلەرنىڭ قار يوتقىنىڭلارنى تىكىپ پۈتتۈرگىلى بولمايتتى ،— دەپتۇ .

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان مايسا قىز قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ ھەممەيلەنگە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ، رەھمىتىنى بىلدۈرۈپتۇ . ئاندىن مەيىن باھار شامىلى پەدىسىگە جور بولۇپ ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، غۇلاچلىرىنى كېرىپ ، شادىيانە ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ .

3 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئاڭلاپ يېزىڭلار ۋە مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار .

ئاچچىق سوغۇق ، جاننى راھەتلەندۈرۈش ، يېقىملىق ساز ، قايناق ئىسسىق ، ساپ ھاۋا

4 . تۆۋەندىكى پارچىنى تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا قويۇپ كۆچۈرۈڭلار .

باھاردا بۇلبۇل تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يۇرتىغا ئۇچۇپ كەپتۇ ئۇ ئۆز يۇرتىنى سېغىنغانلىقتىن شۇنچىلىك جاراڭلىق سايراپتۇكى ئۇنىڭ يېقىملىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاۋازىغا مەپتۇن بولغان قارىغوجا؛
— بۇلبۇل دوستۇم، نېمانچە خۇشالسەن، نېمە ئۈچۈن تىنماي سايرايسەن؟ دەپتۇ بۇلبۇل.
— مەن، نۇرغۇن جايلارنى كۆردۈم نى‐نى گۈزەل باغلارنى ساياھەت قىلىپ كەلدىم، لېكىن ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يەرنىڭ بىر تال يوپۇرمىقى ئۈنىڭدىن مىڭ مەرتىۋە ئەلا ئىكەن، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ،

سوئال: قارىغوجىنىڭ سوئالىغا بۇلبۇل نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟ نېمە ئۈچۈن «ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرنىڭ بىر تال يوپۇرمىقى ئۈنىڭدىن مىڭ مەرتىۋە ئەلا ئىكەن» دەيدۇ؟ چۈشەنچەڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

5. قىشلىق تەتىل جەريانىدا ئۆزۈڭلارغا ئەڭ ياخشى تەسىر قالدۇرغان بىر ئىش ياكى ئەھمىيەتلىك بىرەر پائالىيەت توغرىسىدا بىر پارچە خاتىرە يېزىڭلار. يازغان خاتىرەڭلارنىڭ سۆز ‐ جۈملىلىرىنىڭ راۋان، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ توغرا، مەزمۇنىنىڭ ھەم ئىخچام، ھەم چۈشىنىشلىك بولۇشىغا دىققەت قىلىڭلار.

6. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى تېپىڭلار.

ئاپئاق يوتقان يېپىنىپ،
غەمسىز ئۇخلار قىش بويى.

باھار كەلسە جانلىنار ،
يېقىنلاشقاندەك تويى .
خەت سۈرۈپ كۆك بۈرۈتى ،
گۈزەللىشىدۇ ھۆسنى .
كەڭ ئېتىزنى قۇچاقلاپ —
ئالىدۇ يېشىل تونى .
پەيدا قىلار ئەتراپتا ،
ئەجەب گۈزەل مەنزىرە .
قېنى كىچىك دوستلىرىم ،
ئېيتىڭلارچۇ بۇ نېمە ؟

7 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ ، ھەربىر گۇرۇپپىدىكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسىدە قانداق ئوخشىماسلىقلارنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلىڭلار .

1 ) گۈلنار ياخشى دوستۇم .
گۈلنار ياخشى دوستۇم ئەمەس .
گۈلنار ياخشى دوستۇم ئەمەسمۇ ؟
2 ) ئەتە كۆرگەزمە كۆرگىلى بارىمىز
ئەتە كۆرگەزمە كۆرگىلى بارمايمىز .
ئەتە كۆرگەزمە كۆرگىلى بارمىساق بولمايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 3 . ئەخمەتجان قاسىمى

ئالەمدە سۆيگۈدىن ئۇلۇغ ، سۆيگۈدىن مۇقەددەس كۈچ يوق . بولۇپمۇ خەلق سۆيگۈسى ئەڭ مۇقەددەستۇر .

تارىخىمىزدا ئۆز خەلقىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئىسسىق قان ، ئەزىز جانلىرىدىن كەچكەن ئەجدادلىرىمىز تا ھازىرقى ئەۋلادلارغا قەدەر ئۆرنەك بولۇپ كەلمەكتە .

يولداش ئەخمەتجان قاسىمى دەل بۇنىڭ مىسالى .



يولداش ئەخمەتجان قاسىمى 1914-يىل 4-ئاينىڭ 15-كۈنى غۇلجا شەھىرىدە نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى . ناھايىتى جاپالىق شارائىتتا ، ئاجايىپ قەيسەرلىك بىلەن بىلىم

3 ) بۇ ياخشى ئىشنى خەلچەم قىلغان .

بۇ ياخشى ئىشنى خەلچەم قىلمىغان .

بۇ ياخشى ئىشنى خەلچەمنىڭ قىلغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ .

4 ) بۇ ھېكايىدىن تەسىرلىنىپ ، كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كەتتى .

بۇ ھېكايىدىن تەسىرلەنمىگەچكە ، كۆزۈمدىن ياش چىقمىدى .

بۇ ھېكايىدىن تەسىرلىنىپ ، قانداقمۇ كۆزۈمدىن ياش ئاقمىسۇن !

ئالدى . تاغىسىدىن ئەينەك سېلىشنى ئۆگىنىۋالغان ئەخمەتجان قاسىمى ئەينەكچى قىياپىتىدە ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ ، كىشىلەرگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ باردى . شۇ سەۋەبتىن تۈرمىگە سولاندى . ۋەھشىيانە قىيناش ۋە ئازابلاشلار ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى . ئەكسىچە تۈرمە ھاياتى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى ، ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ تونۇپ يەتتى . جاپالىق شارائىتتا خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىۋالدى .

ئۇ 1944-يىلى نويابىردا غۇلجىدا قوزغالغان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابقا ئالدىنقى قاتاردا قاتناشتى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى . ئۇنىڭ ئۆيى ئىنقىلابچىلار رەھبەرلىرى يىغىلىدىغان جاي بولۇپ قالغانىدى . ئۇ گېزىتلەرگە باش ماقالە ۋە ماقالىلەرنى يېزىپ ، ئەكسىيەتچىلەرنى پاش قىلىپ ، خەلق ئاممىسىنى قوراللىق كۈرەش تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشقا ، ئالغا بېسىشقا چاقىردى . ئەمگەكچى خەلقنىڭ

قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئارقىمۇئارقا ئازاد قىلىندى. ئەخمەتجان قاسىمى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ئۇتۇقلىرىنى ساقلاپ قېلىش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»[1]نى قۇردى ۋە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارقىلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولدى.

يولداش ئەخمەتجان قاسىمى ئامما بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. ئۇ، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولاتتى. ئۇنىڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار، ياشلار، قېرىلار، ھەتتا بالىلاردىنمۇ دوستلىرى بار ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ياش-ئۆسمۈرلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى، بالىلارنى ياخشى كۆرەتتى،

① بۇ ئىتتىپاق 1950-يىلىدىن باشلاپ «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» دەپ ئاتالدى.

بالىلارمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ دائىم: «ئۆسمۈرلەر — ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى، كەلگۈسىدىكى قۇرۇلۇشنى پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ ئورۇندايمىز» دەيتتى. ئۇ دائىم دارىلئىتام (يېتىم بالىلار تەربىيىلىنىدىغان جاي) غا ۋە مەكتەپلەرگە بېرىپ، بالىلارنىڭ ئوقۇش ۋە تۇرمۇشلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى، ئۇلارغا ئوبدان شارائىت يارىتىپ بېرىشكە كۈچ چىقىراتتى. ئوقۇغۇچىلارغا چۈشىنىشلىك قىلىپ: «سىلەرنىڭ بەختىڭلار تېخى ئالدىڭلاردا، كەلگۈسى تۇرمۇشىڭلار ئاجايىپ پارلاق ۋە گۈزەل. خەلقنىڭ ئوبدان خىزمەتچىسى بولۇشقا تەييارلىنىمىز دېسەڭلار چوقۇم بىلىملىك، ساغلام بەدەنلىك ۋە چىدام-غەيرەتلىك بولۇپ ئۆسۈڭلار» دەيتتى.

يولداش ئەخمەتجان قاسىمى تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا، ئامما بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن ئىدى. ئەمگەكنى قىزغىن سۆيەتتى.

لېكىن 1949-يىلى ئاۋغۇستتا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى — ئۈچ ۋىلايەت

مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى يولداش ئىسھاقبېك ، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى يولداش دەلىلقان ۋە شىنجاڭ جۇڭگو-سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىدىن يولداش لوجىلار جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى ۋە دۆلەت قۇرۇلۇش بايرىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋاتقاندا ، ئايروپىلان ۋەقەسى بىلەن بەختسىزلىككە ئۇچرىدى .

يولداش ماۋزېدۇڭ چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرۈپ تېلېگراممىسىدا ئەۋەتتى ۋە «بۇ — شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن بىر زور يوقىتىش… ئەخمەتجان قاتارلىق بەش نەپەر يولدىشىمىز ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشى ئۈچۈن قەھرىمانانە كۈرەش قىلىپ ، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ئىشىدا قۇربان بولغانلىقى ئۈچۈن ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ» دېدى .

ئۇلۇغ ۋەتەن تۇپرىقىدا ياشاۋاتقان ھەربىر پۇقرا يولداش ئەخمەتجان قاسىمىنى يۈكسەك ئىشتىياق بىلەن تىلغا ئالىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىپتىخارلىنىدۇ ۋە ئۇنى قىزغىن ھېسسىيات بىلەن ئەسلەيدۇ، سېغىنىدۇ. ئۇ ئارىمىزدىن ۋاقىتسىز كەتكەن بولسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ سۆيگۈ يۈكسەكلىكىدە مەڭگۈ نۇر چېچىپ چاقناپ تۇرىدىغان ئۆچمەس يۇلتۇزدۇر.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى قايتا-قايتا ئوقۇڭلار ۋە ئابزاسلارغا بۆلۈڭلار، ھەربىر ئابزاسنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

2. يولداش ئەخمەتجان قاسىمى كىم؟ قاچان تۇغۇلغان؟ قاچان، قانداق ۋاپات بولغان؟

3. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا قانداق رول ئوينىغان؟

4. ئەخمەتجان قاسىمى ياش-ئۆسمۈرلەرگە نېمە ئۈچۈن زور ئۈمىد باغلىغان؟ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تېكىستتىن تېپىپ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

5. يولداش ماۋزېدۇڭ ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق

بەشەيلەننىڭ ۋاپاتىغا يازغان تەزىيە تېلېگراممىسىدا ، نېمە ئۈچۈن «بۇ — شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن بىر زور يوقىتىش» دەيدۇ؟

6 . تېكىستنىڭ 1- ، 2-تەبىئىي ئابزاسى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئابزاسىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ ، ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە يادلىۋېلىڭلار .

دەرس - 12

[illegible] بىلەن - [illegible] بىلەن

قەھرىمان جەڭ قىلىش ، [illegible] جەڭ (6)

قىلىش

[illegible]

[illegible]

~~[illegible]~~ [illegible]

[illegible] قىلىش ، [illegible] قىلىش

[illegible]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## * 4 . كۆرۈشكەن كۈنى

1947-يىلىنىڭ بىرىنچى ئىيۇل كۈنى ئىدى . مەن تاڭ شاماللىرى بىلەن ئويىنىشىپ ساۋاقداشلىرىم بىلەن غۇلجىنىڭ كەڭ كوچىلىرىنى بويلاپ «تۇغ مەيدانى» غا كېتىپ بارىمەن . خۇشاللىق ئىچىگە چۆمگەن يۈرىكىم ئالدىراقانداقتۇر بىر ھاياجان بىلەن «دۈك-دۈك… » قىلىپ سوقۇپ تۇرىدۇ .

مانا ئالا-يېشىل ، قىزىل-جىيا بېزەلگەن مەيدانىغىمۇ يېتىپ كەلدۇق . مەيدان باھارنىڭ ئاجايىپ سوۋغىلىرى ۋە سان-ساناقسىز باللارنىڭ تۈرلۈك كىيىنىشلىرى بىلەن شۇ قەدەر گۈزەللىشىپ كەتكەنكى ، قارىساڭ قارىغۇڭ كېلىپ تۇرىدۇ .

ئاز ئۆتمەي مەيدانىنى بىردىنلا ئۇزۇنغا سوزۇلغان چاۋاكلار ۋە خۇشاللىق ئاۋازلىرى بېسىپ كەتتى . مەن ھەيران بولۇپ ئەتراپىمغا قارىدىم ،

مېنىڭ يېنىمدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ مۇنبەر تەرەپكە قارىشىۋاتاتتى ۋە ئۇلار ھاياجان بىلەن :

— قارا-قارا مۇنبەرگە چىقتى…

— كۆرمىدىڭمۇ، ئاۋۇ ئاق چاپان كىيگەن ئادەمنىڭ ئالدىدىكىچۇ، ئاشۇ ئەخمەت ئەپەندىم…

— كۇلۇمسىرەۋاتىدۇ…

— مانا بىزگە قاراۋاتىدۇ… — دېيىشىۋاتاتتى.

مەن ئاجايىپ بىر شادلىق ئىچىدە شۇلار قارىغان ياققا قاراشقا باشلىدىم، مىڭلىغان جۇپ كۆزلەر بىلەن مەنمۇ ئۇ يەردە يۇرىكىمگە ئەڭ يېقىن بولغان كىشىنى ئىزدەۋاتاتتىم. مانا ئاخىر خۇشاللىقىمدىن سەكرەپ كېتىشكە تاسلا قالدىم؛ ئۇ، دېگەندەك بىز تەرەپكە قاراپ كۇلۇمسىرەۋاتاتتى.

بىر پەستىن كېيىن مەيدان شۇ قەدەر جىمىپ كەتتىكى، زەن سالغان كىشى ئۇچۇپ كېتىۋاتقان چىۋىننىڭ شەپىسىنى بەخۇدۇك ئاڭلىيالايتتى.

دەل شۇ چاغدا، بايىقى بىزگە قاراپ كۇلۇمسىرىگەن ئادەم مۇنبەر ئالدىدا قىزىق چۆچەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېيتىۋاتقان ئادەمگە ئوخشاش يېقىملىقلىقىنا سۆزلەۋاتاتتى... «بالىلار، سىلەر ۋەتىنىمىزنىڭ ئىگىلىرى، سىلەر كەلگۈسىمىزنىڭ ئىگىلىرى...».

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئىلاجىنىڭ بارىچە، «ھەتتا»، «ۋە»، «ھەم» لىرىنىمۇ قويماي تۇتۇۋېلىشقا تىرىشاتتىم... بىراق بىرى تۇيۇقسىزدىن يېڭىمدىن تارتىپ قالدى، مەن يالت قىلىپ قارىدىم. كۆزۈم ئۆز ئوقۇتقۇچىمىنىڭ كۆزلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. ئۇ مېنى ئاستا شەرەت قىلىپ، سەپتىن چەتكە ئېلىپ چىقتى ۋە كۈلۈمسىرىگەن كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ:

— بىلىمەن، بۇ گەپلەرنى بىر مىنۇت ئاڭلىماي قېلىش ساڭا بەك ئېغىر. ئەمما ھازىر ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىل سۆزلەرنى مىكروفوندىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايسەن، قېنى جۈر!— دېدى.

مەن ئۆز-ئۆزۈمگە ئىشەنمەي، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم، «ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلىسام، قانچىلىك ياخشى بولاتتى» دەيمەن

ئىچىمدە .

دېگەندەكلا ئۇ ، مۇنبەرنىڭ پەلەمپىيى ئالدىدا توختىدى ۋە بىزگە قاراپ تۇرغان ئادەمگە :

— مانا بۇ ئوقۇغۇچى بىزنىڭ مەكتەپتىن ،— دېدى-دە ، ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى . ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدا «سەن نەقەدەر بەختلىكسەن » دېگەن سۆزلەر ئوچۇق پارلاپ تۇراتتى…

ئۇ ئادەم ماڭا :

— قېنى بۇياققا مېڭىڭ ، بۇ ياققا ، — دېدى . مەن ئۇنىڭ كەينىدىن مۇنبەرگە چىقتىم ۋە ئۆزۈمگە ئوخشاش بالىلاردىن ئون ، ئون بەشنى كۆردۈم-دە ، بىر ئاز يېنىكلەشكەندەك بولدۇم . شۇلارنىڭ قاتارىغا بېرىپ ئەمدىلا ئولتۇرغانىدىم ، بىردىن گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراپ كەتتى .

بايىقى سۆزلەۋاتقان ئادەم دادىل قەدەم تاشلاپ بىز تەرەپكە كېلىۋاتاتتى… ئۇقمايمەن ، يۈرىكىم قانداقتۇر بىر شادلىق ئىچىدە «شۇر…» قىلىپ كەتتى… ئۇ ، مەندىن نېرىقى ئۇچىنچى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى-دە ، ھەممىمىزگە سەپسېلىپ قاراپ چىقتى .

شۇ ئارىدا مىڭنى باشلاپ چىققان ئادەم مىكروفون ئالدىغا بېرىپ ، قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزگە قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— ھازىر مەكتەپلەرنى ئەلا دەرىجىدە تۈگەتكەن ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش باشلىنىدۇ… مۇكاپاتنى مۇئاۋىن رەئىسىمىز ئەخمەتجان ئەپەندىم تاپشۇرۇپ بېرىدۇ .

بىر ئازدىن كېيىن مەن كۆز قىرىم بىلەن ئۆزۈمدىن نېرىقى ئۈچىنچى ئورۇندۇقتا قارىغان چېغىمدا ، ئۇ ئادەمنىڭ مىكروفوندىن بىر قەدەم نېرى قويۇلغان ئاق داستىخانلىق ئۈستەل تۈۋىدە كۈلۈمسىرەپ تۇرغىنىنى كۆردۈم .

بايىقى ئادەم قولىدىكى قەغەزنى ئوقۇشقا باشلىدى :

— شەرق مەكتىپىدىن يۇنۇسجان…

مېنىڭ يېنىمدىكى سېرىق گىمناستۇركا كىيگەن بۇغداي ئۆڭلۈك بالا ئۈستەل تەرەپكە قاراپ ماڭدى ۋە چەبدەسلىك بىلەن ئاق قەغەزگە تۆت چاسا قىلىپ ئورالغان بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ ئاستا جايىغا كېلىپ ئولتۇردى .

ئۇ ، ھامان ئوقۇماقتا ئىدى :

— ئۈمىد مەكتىپىدىن سابىت روزى···

·········

مانا كۆتمىگەن جايدىن مېنىڭ ئىسمىمۇ چىقىپ قالدى . ئورنۇمدىن تۇرغىنىمدا خۇشاللىقتىن پۇتلىرىمنىڭ بىر قىسمىلا تىترەشلىرى ، يۈرىكىمنىڭ خۇددى يىراقتىن يۈگۈرۈپ كەلگەن ئادەمنىڭكىدەك ئۈنلۈك سوقۇشلىرى مېنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنىدى . مەن پۈتۈنلەي ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇنىڭ قېشىغا قاراپ ماڭدىم .

تۆۋەندە بايا مېنىڭ بىلەن تەڭلا بويۇنلىرىنى سوزۇشقان بالىلار تىنماي چاۋاك چېلىشاتتى .

مانا مەن ئۇ ئادەم بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپتىمەن ، ئارىمىز پەقەت يېرىم چامدامىلا !

مەن كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشقا باشلىدىم . مانا ئۇنىڭ قانچە دەھشەت ۋە قانچە جاپالارنى يېڭىپ ئۆتكەن ، ئۇ يەر-بۇ يېرىگە كىچىككىنە ئىنچىكە سىزىقلار ئىز سالغان نۇرلۇق يۈزلىرى ، مانا ئۇنىڭ بۈگۈنكى بەختىيار ھاياتىنىڭ

ۋە كەلگۈسىدىكى ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ پارلاق زامانلارنىڭ شان-شۆھرىتى چاقناپ تۇرغان ئۇيچان كۆزلىرى... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا شۇ قەدەر ئەزىز ۋە شۇ قەدەر يېقىملىق بولۇپ كۆرۈندىكى ، ئۇنىڭ مۇشۇ تۇرقى يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىرىدا مەڭگۈ ئۆچمەس خاتىرە بولۇپ قالدى .

... ئۇ ماڭا مېھرىبان قوللىرىنى ئۇزاتتى ، مەن ئاجايىپ بىر شادلىق ئىچىدە ئۇنىڭ قوللىرىنى قىستىم . كۆكرىكىدىكى دائىم تاقاپ يۈرىدىغان ئوردېنى بىزنىڭ ھەربىر قول سىقىشىمىزدا كۈمۈش نۇرلارنى چاچرىتىپ ، ئۇيان-بۇيانغا سىلكىنىپ تۇراتتى .

مۇكاپات تاپشۇرۇش تامام بولغاندىن كېيىن ، بىز ھەممىمىز باياتىن بېرى شالاڭ تۇرغان ئورۇندۇقلارنى قىستاپ قويدۇق-تە ، رەسىمگە چۈشۈشكە تەييارلاندۇق . ئەخمەتجان قاسىمىمۇ بىز بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشتى .

مەن شۇ كۈنكى يىغىلىشتىن قىن-قىنىمغا پاتماي ، ئېيتقۇسىز بىر خۇشاللىقلار ئىچىدە قايتتىم... ئىشىكتىن كىرىشىم بىلەنلا ،

ئاپامغا كۆزۈم چۈشتى ، مەن ئۇنىڭغا مۇشۇ قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ، لېكىن كۆز ئالدىمدا تائەبەت يالقۇنلاپ تۇرىدىغان بۇ قۇتلۇق خاتىرىنى قانداقلارچە ئېيتىپ بېرىشنى ئۇقالمىدىم . پەقەت ئۇنىڭ مېھىر-شەپقەت بىلەن تولغان قوللىرى مېنىڭ بېشىمدا ئوينىغاندىلا ، يۈرىكىمنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قاتلىرىدىن خۇددى فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇ خۇش خەۋەرنى بايىقى ھاياجان بىلەن ئېيتىشقا باشلىدىم :

— ئاپا !··· مەن نېمە دېگەن بەختلىك-ھە ، قارا ، بۈگۈن ئەخمەت ئەپەندى بىلەن قول سىقىشىپ كۆرۈشتۇم ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە رەسىمگىمۇ چۈشتۈم .

ئۇ ماڭا تاڭ شەبنەملىرىدەك مۇنچاق-مۇنچاق خۇشاللىق ياشلىرى تىزىلىپ تۇرغان كىرپىكلىرى ئارىسىدىن ئانىلىق مېھرى بىلەن ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى- دە ، پېشانەمدىن سۆيۈپ :

— بەختلىك بول ، ئوغلۇم !— دېدى .

كۆنۈكمە :

1 . تېكستنى ئۈنلۈك ، ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار .

2 . تېكستكە نېمە ئۈچۈن «كۆرۈشكەن كۈنى» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان؟ تېكستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ سۆزلەپ بېرىڭلار .

3 . ئاپتور نېمە ئۈچۈن شۇ كۈنكى كۆرۈشۈشتىن كېيىن ئۆزىنى شۇنچىلىك بەختلىك ھېس قىلىدۇ ۋە ھاياجانلىنىدۇ؟ بۇنى ئۇنىڭ قايسى سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن؟

4 . تېكستتىن كۆپ چېكىت (…) قويۇلغان جۈملىلەرنى تېپىڭلار ۋە ئۇنىڭ قانداق ئورۇندا كەلگەنلىكىنى بىلىۋېلىڭلار .

5 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار . تېكستتىن مۇشۇنداق تەسۋىرىي سۆزلەرنى تېپىپ ئاستىغا سىزىڭلار .

1 ) خۇشاللىق ئىچىگە چۆمگەن يۈرىكىم ئاللىقانداقتۇر بىر ھاياجان بىلەن «دۈك-دۈك» قىلىپ سوقۇپ تۇرىدۇ .

2 ) ئۇقمايمەن ، يۈرىكىم قانداقتۇر بىر شادلىق ئىچىدە «شۇر…» قىلىپ كەتتى…

3 ) ئورنۇمدىن تۇرغىنىمدا خۇشاللىقتىن

پۈتلىرىمىنىڭ بىر قىسمىلا تىترەشلىرى ، يۈرىكىمىنىڭ يىراقتىن يۈگۈرۈپ كەلگەن ئادەمنىڭكىدەك ئۇنلۇك سوقۇشلىرى مېنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنىدى .

6 . ئۆز بېشىڭلاردىن ئۆتكەن كىچىككىنە بىر ئىش ياكى بىرەر ۋەقەنى بۇ تېكىستنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى بويىچە يېزىپ چىقىڭلار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 5 . كونا قۇدۇق

يۇرتۇمدا ، يېزىمىزنىڭ بېشىدا بىر كونا قۇدۇق بار . بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى سۈپسۈزۈك ، تەملىك ۋە مۇزدەك سوغۇق بولۇپ ، يېزا ئاھالىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى مۇشۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىنى ئىچىدۇ . بۇ كونا قۇدۇق خۇددى مېھرىبان ئانىنىڭ شېرىن سۈتىدەك سۈيى بىلەن تۇزلەڭلىكتىكى ئوغۇل-قىزلىرىنى قاتارغا قوشىدۇ .

بىزنىڭ ئۆيىمىز قۇدۇقتىن نەچچە ئون مېتىرلا نېرىدا . ھەركۈنى تاڭ ئەمدىلا يورۇغاندىن تارتىپ قاش قارايغىچە قۇدۇقتىن سۇ ئالىدىغانلار ئىشىكىمىز ئالدىدىن ئايغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرىدۇ . چېلەك ۋە سوغىلارنىڭ جاراڭ-جۇرۇڭ ، غىچىر-غىچىر قىلىشلىرى ، بەئەينى بىر يېزىنىڭ خۇشال بەزمىسىدەك ھامان ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ . ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدىكى يول خۇددى ھېلىلا يامغۇر يېغىپ ئۆتكەندىكىدەك ، دائىم نەمخۇش تۇرىدۇ .

يېزىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە يېشى 60 تىن ھالقىغان، بىر-بىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئۆتۈۋاتقان ئەر-خوتۇنلار بار. ئەر، پېشقەدەم كومپارتىيە ئەزاسى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ياردار بولغان بولۇپ، ھاسا تايىنىپ ئاقساپ ماڭىدۇ؛ ئايال پاكار ھەم ئورۇق بولۇپ، ئاجىزلىقىدىن شامالدا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەكلا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرلا قىزى بار ئىدى، بىراق ئۇ باشقا يەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ، يۇرتداشلار بۇ ئىككىيلەننىڭ سۇدىن قىينىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇگۈنى بۇ، ئەتىسى ئۇ بىر ئەپكەش سۇ ئەكىلىپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى سۇ كۆپىدە يىل بويى لىپمۇلىق سۇ تولۇپ تۇرىدۇ. يېزىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار كۆپ قېتىم ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىپ سۇ توشۇپ بېرىۋاتقانلارغا ئاز-تولا ھەق بېرەيلى دەپتىكەن، لېكىن ھېچكىممۇ ئالغىلى ئۇنىماپتۇ.

ئۇ ئىككىسى خىجالەت بولغان ھالدا: «كۆڭلەر ئۆزۈن، سىلەرنى دائىم بىكارغا ئىشلەتسەك بولماس» دېيىشىدىكەن.

يۇرتداشلار بولسا : «ئاۋۇ كونا قۇدۇق كىشىلەرنى شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىنىڭ سۇپسۇزۇك ، تەملىك سۈيى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتىدۇ ، لېكىن ئۇ كىشىلەردىن زادىلا ھەق تەلەپ قىلمىدىغۇ؟» دېيىش ئارقىلىق ئۇ ئىككىيلەننى قايىل قىلىدىكەن.

ئاھ ، يۇرتىمىزدىكى كونا قۇدۇق ، سەن يۇرتداشلىرىمنى ئابىھايات سۈيى بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇلاردا ئېسىل خىسلەتلەرنى يېتىلدۈردۈڭ ، ئۇلارغا قانداق ئادەم بولۇشنى ئۇقتۇردۇڭ . يېزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئايانكى ، بۇ كونا قۇدۇق ئالىقانچىلىك يەرنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا مۆلچەرلىگۈسىز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا . ئۇ كىشىلەردىن ھېچنېمىنى تەلەپ قىلمايدۇ ، ئەكسىچە كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ پۈتكۈل كۈچ-قۇۋۋىتىنى قىلچە ئايىماستىن تەقدىم قىلىدۇ .

مەن ھەربىيگە قاتناشقاندىن كېيىن سۆيۈملۈك يۇرتۇمدىن ئايرىلدىم ، بۇنىڭغا 17 يىل بولدى . يۇرتۇمدىكى ئاشۇ كونا قۇدۇق ھامان يادىمدىن

چىقمايدۇ ، ئۇ ھەر ۋاقىت قانداق ياشىشىم ، قانداق ئادەم بولۇشۇمغا ئىلھام بېرىپ تۇرىدۇ…

كۆنۈكمە :

1 . تېكىستنى پىششىق ئوقۇڭلار ، تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى تېكىستكە بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئاستى سىزىلغان سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار .

ئىلھام بېرىش ، ھېچنېمىنى تەلەپ قىلماسلىق ، تاڭ ئەمدىلا يورۇش ، قاش قارايغان ، خىجالەت بولۇش ، ئايىغى ئۈزۈلمەي ، شامالدا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ، قايىل قىلىش ، ئابھايات ، مۆلچەرلىگۈسىز ، قىلچە ئايانماستىن

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ھەمدە مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

1 ) بۇ كونا قۇدۇق ، خۇددى مېھرىبان ئانىنىڭ شېرىن سۈتىدەك سۈيى بىلەن تۈزلەڭلىكتىكى ئوغۇل-قىزلىرىنى قاتارغا قوشىدۇ .

2 ) ئاۋۇ كونا قۇدۇق كىشىلەرنى شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىنىڭ سۈپسۈزۈك تەملىك سۈيى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتىدۇ ، لېكىن ئۇ

كىشىلەردىن زادىلا ھەق تەلەپ قىلمىدىغۇ ؟

3 ) ئاھ ، يۇرتىمىزدىكى كونا قۇدۇق ، سەن يۇرتداشلىرىمنى ئابىھايات سۇيى بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇلاردا ئېسىل خىسلەتلەرنى يېتىلدۈردۈڭ ، ئۇلارغا قانداق ئادەم بولۇشنى ئۇقتۇردۇڭ .

3 . كونا قۇدۇقنىڭ قايسى ئىشلىرى ئاپتوردا چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇردى ؟ ئاپتور قانداق ئىلھام ئالدى ؟

4 . تېكىستنى ئابزاسلارغا بۆلۈڭلار ، ھەربىر ئابزاسنىڭ مەزمۇنىنى ۋە تېكىستنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 6 . تاغام لۇشۇن ئەپەندى



تاغام لۇشۇن ئەپەندى هايات ۋاقتىدا مېنىڭ يېشىم تېخى كىچىك ئىدى ، مەن لۇشۇننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى زادى بىلمەيتتىم ، مېنىڭ تاغاممۇ باشقىلارنىڭ تاغىسىغا ئوخشاشلا تاغا ـ دە ، دەپ يۈرەتتىم . تاغام ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ جەسىتى ۋەنگو جەسەت ئۆزىتىش ئورنىنىڭ چوڭ زالىغا قويۇلدى . ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر كېلىپ هۆرمەت ـ ئېهتىرام بىلدۈردى . هەتتا بەزىلەر ئۇنىسىز يىغلاشتى . ئۇ ياتقان ئۆينىڭ ئىچى ئۇنىڭغا تۇتۇلغان قارىلىق لاتىلار ، چوڭ ـ كىچىك گۈلچەمبىرەكلەر بىلەن تولۇپ كەتتى . قارىلىق لاتىلارنى ، گۈلچەمبىرەكلەرنى ئېلىپ كەلگەنلەر

ئىشچىلار ، ئوقۇغۇچىلار ۋە خىلمۇخىل كىشىلەر ئىدى . مەن ئۇ چاغدا تاغام نىمىشقا مۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنىڭ مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىگە ئىگىدۇ ، دەپ ھەيران بولاتتىم . تەزىيە بىلدۈرۈپ كېتىۋاتقان ھەم تەزىيە بىلدۈرۈشكە كەلگەن كىشىلەرگە قاراپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ ، مەن ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى مەڭگۈ ئاڭلىيالمايدىغان بولدۇم ، شۇنداقلا مىنى ئەمدى مەڭگۈ ئەركىلەتمەيدۇ ، دىگەن ئويغا كەلدىم - دە ، كۆزلىرىمدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش ئېقىپ چۈشتى .

تاغام ۋاپات بولىدىغان يىلى 1 - ئاي ئىچىدە بىر شەنبە كۈنى چۈشتىن كىيىن دادام بىلەن ئانام مىنى ئۈزلىرى بىلەن تاغاملارنىڭكىگە ئېلىپ باردى . ئۇ چاغلاردا بىز دائىم ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى ھەدەم ، سىڭلىم ۋە مەن ئۈچىمىز نۆۋەتلىشىپ دادام ۋە ئانام بىلەن بىللە تاغامنىڭكىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلەتتۇق . مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرى كەچكى تاماق ئۈستىدە تاغام بىلەن مەن «سۇ بويىدا» دىگەن كىتابتىكى ھېكايىلەر ۋە كىشىلەر توغرىسىدا سۆزلىشىپ قالدۇق . مىنىڭ بۇ

كىتابنى ئوقۇغانلىقىمنى تاغامنىڭ قانداق بىلىۋالغانلىقى بەلگىسىز. ئېھتىمال، دادام ئۇنىڭغا ئېيتقان بولسا كېرەك. راستىنى ئېيتسام، مەن بۇ كىتابنى چۈشەنمەي، مۇنداقلا بىر قېتىم كۆرۈپ قويغان ھەم كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تەسىرلەندۈرىدىغان بەزى قىسىملىرىغىلا كۆڭۈل بۆلگەنىدىم. ئۇنىڭدىكى ياخشى كىشىلەرنىڭ خىسلىتىنى، مۇرەككەپ مەزمۇنلىرىنى ئېنىق چۈشىنىپ كېتەلمەيتتىم. ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭدىكى قايسىبىر كىشىنىڭ قىلغان ئىشىنى ئىككىنچى بىرىنىڭ قىلىپ ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ قوياتتىم. تاغام مەندىن سورىغاندا، مەن ئۇنىڭغا نامۇۋاپىق قالايمىقان نەرسىلەرنى دەپ قويدۇم. تاغام بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، «ھا... ھا... ھا... ! ھېلىھەم يەنە مېنىڭ خاتىرەم جايىدا» دېدى. تاغامنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خىجالەت بولدۇم ھەم پۇشايمان قىلدىم. تاياق يەپ، تىل ئىشىتكەندىنمۇ قاتتىقراق قىيىنالدىم. شۇنىڭدىن تارتىپ قانداقلىكى بىر كىتاب ئوقۇسام ئۇنى چۈشىنىپ ئوقۇيدىغان بولدۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ كۈنى قايتىش ۋاقتىمىزدا تاغام ماڭا «سائەت» ، «كىچىك جون» دېگەن ئىككى كىتابنى بەردى . بۇ كىتابلار تا ھازىرغىچە مېنىڭدە ساقلانماقتا ، بىراق تاغام ئۆلۈپ كەتكىنىگە كۆپ يىل بولدى .

بىر كۈنى تاغامنىڭ ئۆيىدە چوڭ - كىچىك ھەممىمىز جوزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ، تاماق يەۋاتاتتۇق . مەن دادامنىڭ بۇرنىغا ، ئاندىن تاغامنىڭ بۇرنىغا قاراپ :

— تاغا ، سىزنىڭ ھەممە يېرىڭىز دادامغا ئوخشايدىكەنۇ ، لېكىن كىچىككىنە بىر يېرىڭىزلا ئوخشىمايدىكەن ، — دېدىم .

— نەرىسى ئوخشىمايدىكەن ؟ — دېدى تاغام كۈلۈمسىرەپ تاماق يىگەچ ماڭا بۇرۇلۇپ . ئۇ تاماق يېگەندە بۇرۇتلىرىمۇ تەڭ قىمىرلايتتى .

— دادام قاڭشارلىق ئىكەن ، سىزنىڭ بۇرنىڭىز بولسا ، ھەم ياپىلاق ، ھەم تۈز ئىكەن ، — دېدىم مەن ئۇ ئىككىسىگە خېلى قاراپ تۇرغاندىن كېيىن .

— سەن ئۇقمايسەن ، — دېدى تاغام بۇرنىنى سىلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ ، — كىچىك ۋاقتىمدا مېنىڭ

بۇرنۇمۇ داداڭنىڭكىگە ئوخشاش قاڭشارلىق ئىدى، — دېدى.
— ئۇنداق بولسا...
— بىراق، كېيىنچىرەك تامغا نەچچە قېتىم ئۇسۇۋېلىپ، بۇرنۇم مۇشۇنداق ياپىلاقلىنىپ كەتكەن.
— تامغا ئۇسۇۋالدىم؟ قانداق بولۇپ تامغا ئۇسۇۋالدىڭىز؟ يا سىز يول ماڭغاندا دىققەت قىلمىغانمىدىڭىز؟
— سەن ئويلىمامسەن، تۆت ئەتراپىڭنىڭ ھەممىسى قاپقاراڭغۇ تۇرسا، كىشى ئۇسۇۋالامدۇ؟
— ھە! تام بۇرنىڭىزدىن قاتتىق بولغانلىقتىن، سىزنىڭ بۇرنىڭىزنىڭ ماكچىيىپ كەتكىنىگە ئەجەبلەنمىسەكمۇ بولغۇدەك، — دېدىم مەن.
ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.
بىر كۈنى گۈگۈم ۋاقتى بولۇپ، شىمالنىڭ ئاچچىق شاملى غۇيۇلداپ ئۆتەتتى. ھاۋا ناھايىتىمۇ تۇتۇلۇپ كەتتى. كوچىدا كىشىلەر ئالدىراش ھالدا ئۆيلىرىگە قاراپ يۈگۈرۈشمەكتە. مېنى دادام بىلەن

ئانام قولۇمدىن يېتىلەپ تاغامنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى . تاغامنىڭ دەرۋازىسىغا ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەرگە كەلگىنىمىزدە ، بىر رىكشىچىنىڭ قىيسىيىپ تۇرغان هارۋىسى يېنىدا ئاھ ئۇرۇپ ، زارلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆردۇق .

بىز ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، ئۇنىڭ يالاڭ ئاياغ ئىكەنلىكىنى ، ئىككى قولى بىلەن پۇتىنى تۇتۇۋالغانلىقىنى ، يەردە ئۇيۇپ قالغان قاننى كۆردۇق . ئۇ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاش بىلەنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى . ئۇنىڭ قورۇق باسقان چىرايىدىن ئادەم چىدىغۇسىز هالدا ئازابلانغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

— نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدى دادام ئۇنىڭدىن .

— ئەپەندىم ، — دېدى ئۇ ، كۆكىرىپ كەتكەن كالپۇكلىرى ئاران مىدىرلايتتى ، — دىققەت قىلماي ئەينەك پارچىسىغا دەسسىۋېلىپ ئەينەك پارچىسى تاپىنىمغا كىرىپ كەتتى ، بەك قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ ، ئۆيگە كېتەلمەيدىغان ئوخشايمەن !

دادام تاغامنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرگەن پېتى كىرىپ كەتتى ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا تاغام بىلەن دورا ۋە

داكىلارنى كۆتۈرۈشۈپ چىقىشتى. تاغام بىلەن دادام رىكشىچىنى يۆلەپ، هارۋىسىغا ئولتۇرغۇزدى. بىرى زوڭزىيىپ ئولتۇردى، يەنە بىرى ئېڭىشىپ تۇردى - دە، دادام موچىن بىلەن رىكشىچىنىڭ پۇتىغا كىرىپ كەتكەن ئەينەك پارچىلىرىنى چىقىرىۋەتتى. تاغام بولسا ئۇنىڭ پۇتىنى بور كىسلاتاسى سۇيى بىلەن يۇيۇپ تازىلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دورا سۈرتۈپ داكا بىلەن ياخشىلاپ تېڭىپ قويدى. رىكشىچى تەسىرلەنگەن هالدا:

— مېنىڭ ئۆيۈم بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس، ئەمدى قايتىپ كېتەلەيمەن، ئاق كۆڭۈل ئەپەندىلەر، مەن سىلەرگە نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەي قالدىم، — دېدى. تاغام يەنە ئۇنىڭغا بىرئاز پۇل بېرىپ، ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن هاردۇق ئېلىشنى ئېيتتى. ئېشىپ قالغان دورا، داكىلارنىمۇ ئۇنىڭغا بەردى.

قاراڭغۇ چۈشتى. يولدىكى چىراغلار غۇۋا نۇر چېچىپ تۇراتتى. مەن تاغامنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇلارغا قاراپ تۇراتتىم، بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ مۇزلىغانلىقىمنى سەزدىم. بۇرنۇمنى سىلاپ باقسام مۇزلاپ كېتىپتۇ. قول - پۇتلىرىممۇ ئۇيۇشۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاپتۇ. مەن ھېلىقى رىكشىچى مۇشۇنداق سوغۇق كۈنلەردىمۇ قانداق يالاڭ ئاياغ ھارۋا سۆرىگەندۇ، دېگەن ئويغا كەلدىم.

تاغام بىلەن دادام قايتقاندا مەن ئۇلاردىن سورىدىم. تاغامنىڭ جاۋابىنى مەن ھازىر ئەسلىيەلمەيمەن. لېكىن ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك، ئوڭاي چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر تۈرلۈك سۆزنى ئېيتقانلىقى يادىمدا. مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئوچۇقراق چۈشەندۈرۈپ بېرىشىنى سورىغىنىمدا، ئۇنىڭ چىرايىدا ئاۋۋالقىدەك مېھرىبانلىق، خۇشخۇي تەبەسسۇمنىڭ يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سوغۇققانلىق ۋە قەتئىيەتلىك پەيدا بولغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆردۈم، بۇنى ھازىرمۇ ناھايىتى ئېنىق ئەسلىيەلەيمەن. ئۇ مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمەستىن، ئۆزىنىڭ ئورۇق قولىنى بېشىمغا قويۇپ خېلى ئۇزۇنغىچە مىدىرلىماي تۇردى- دە، ئېغىر ئۇھ تارتتى.

تاغام ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئايال خىزمەتچىسى ئاسەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئاسەن بىر ئىشچىنىڭ ئايالى بولۇپ، ئۇنىڭ يولدىشى ئىشسىز قالغانلىقتىن غەم

قىلىپ كۆزى غۇۋا كۆرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. نەرسىلەر ئۇنىڭغا خۇددى تۇمان توسۇۋالغاندەك بولۇپ روشەن كۆرۈنمەيدىكەن. ئۇ ماڭا تاغامنىڭ هايات ۋاقتى توغرۇلۇق سۆزلەپ: «جۇ ئەپەندىم ئۆزىنىڭ كېسىلى شۇنچە ئېغىر تۇرسىمۇ يېرىم كېچىگىچە ماقالە يازاتتى، بەزىدە ئۇنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئۇزۇلمەي يۆتەلگىنىنى ئاڭلايتتىم. ئۇ ئۆزىنىڭ كېسىلىدىن غەم قىلماستىن، مېنى دائىم كۆپرەك ئارام ئال، ئېغىر ئىشلارنى قىلما» دەيتتى.

هەقىقەتەنمۇ تاغام شۇنداق كىشى ئىدى، ئۇ ئۆزى هەققىدە ئاز ئويلىنىپ، باشقىلار هەققىدە كۆپ ئويلىناتتى.

كۆنۈكمە:

1. بۇ تېكىستنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) كىشىلەر لۇشۇن ئەپەندىگە تەزىيە بىلدۈرگەندە قايسى ئىش «مەن» نى هەيران قالدۇردى؟

2) لۇشۇن «مەن» بىلەن «سۇ بويىدا» رومانى هەققىدە سۆهبەتلەشكەندىن كېيىن، «مەن» نىڭ كىتاب ئوقۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پوزىتسىيىسى قانداق ئۆزگەردى؟

3) «تۆت ئەتراپ قاپقاراڭغۇ تۇرسا، تامغا ئاسانلا ئۇسۇۋالامدۇ؟» دېگەن جۈملىنىڭ مەنىسى نېمە؟

4) لۇشۈن ھېلىقى رىكشىچىنى قوتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن چىرايى شۇنچىلىك جىددىي ئۆزگىرىپ كېتىدۇ؟

5) نېمە ئۈچۈن لۇشۈننى «ئۆزى ھەققىدە ئاز ئويلىنىپ، باشقىلار ھەققىدە كۆپ ئويلىنىدىغان ئادەم» دەيمىز؟

2. بۇ تېكىستنى مەزمۇنىغا ئاساسەن قانچە قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ؟ تېكىستنىڭ ھەربىر قىسمىدا نېمىلەر ئاساس قىلىپ سۆزلەنگەن؟ لۇشۈن نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان؟

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

ئېھتىرام بىلدۈرۈش، خىسلەت، تەزىيە، ئاق كۆڭۈل

## بىرەر تېكىستنى قانداق قىلغاندا ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولىدۇ

قانداق بولغاندا بىرەر تېكىستنى ئوقۇپ چۈشەنگەن ھېسابلىنىدۇ؟ يۇقىرى يىللىقتا ئۆرلەۋاتقان ساۋاقداشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا،

سۆزلەرنى ئىگىلەش، ھەربىر جۈملىنى ئوقۇپ چۈشىنىش، تېكىستلەرنى ئابزاسلارغا بۆلەلەيدىغان ۋە ھەرقايسى ئابزاسنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرەلەيدىغان بولۇش ھەمدە تېكىستنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئىگىلىيەلەيدىغان، چىڭ تۇتالايدىغان بولۇش ناھايىتى مۇھىم. بىز بىرەر تېكىستنى ئوقۇغاندا، بۇ تۆت نۇقتىغا ئەستايىدىل كۈچ سەرپ قىلىشىمىز لازىم.

بۇنى «كونا قۇدۇق» دېگەن تېكىستنى مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلەيلى:

«كونا قۇدۇق» دېگەن تېكىستنى ئوقۇغاندا، ئاۋۋال ماۋزۇسىغا قاراش كېرەك. ئۇنىڭدا قەدىمدىن قالغان بىر كونا قۇدۇق سۆزلەنگەن. ئاندىن پۈتۈن تېكىستنى دەسلەپكى قەدەمدە بىر قۇر ئوقۇپ چىقىپ، چۈشەنمەيدىغان سۆزلەر بولسا مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىش لازىم. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، دەسلەپكى تەسىراتقا ئىگە بولۇپ، بۇ تېكىستتە، يېزىدىكىلەرنىڭ مۇشۇ كونا قۇدۇققا تايىنىپ ياشايدىغانلىقى، ياشانغان ئەر - خوتۇنلار سۇدىن قىينىلىپ قالغاندا، ئۇلارغا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قۇدۇقتىن سۇ توشۇپ بەرگەنلىكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كونا قۇدۇق «يۇرتداشلارنى ئابىھايات سۈيى بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇلاردا ئېسىل خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرگەنلىكى »نى بىلىۋالىمىز . بۇ جۈملىنى چۈشىنىش قىيىنراق ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى دەسلەپكى تەسىرات دېيىشكە بولىدۇ .

تېكىستنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۈملىمۇ - جۈملە ئوقۇش ، ھەربىر جۈملىدىكى سۆزلەرنى ئېنىق ئوقۇش ، جۈملىدىكى ھەربىر سۆزنىڭ مەنىسىنى ئىمكانقەدەر چۈشىنىپ ئوقۇش لازىم . بەزى سۆزلەرنى جۈملە ئىچىدىلا ئېنىق چۈشەنگىلى بولىدۇ ، بەزى جۈملىلەرنى بولسا ئالدى - كەينىدىكى جۈملە بىلەن باغلىغاندىلا مەنىسىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ . بىر مەزمۇن تۈگىگەن يەردە توختاپ ، بۇ سۆزلەرنى ئومۇملاشتۇرغاندا نىمە مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشىمىز لازىم . مۇشۇنداق قەدەممۇ - قەدەم ئوقۇپ ، ھەربىر بۆلەكنىڭ مەنىسىنى ئويلاش ئارقىلىق تېكىستنى ئوقۇپ تۈگەتكەندە ، يېڭىۋاشتىن باشتىن - ئاخىر ئويلايدىغان بولساق ، بۇ چاغدىكى تەسىرات چوڭقۇرلاشقان بولىدۇ . «كونا قۇدۇق» دېگەن تېكىستنى ئوقۇپ بولغاندىن

كىيىنكى تەسىرات مۇنداق بولىدۇ : ئاپتورنىڭ يېزىسىنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر كونا قۇدۇق بولۇپ ، يېزىنىڭ يېرىمىدىن كۆپ ئاھالىسى بۇ قۇدۇقتىن سۇ ئىچىدىكەن ؛ ئەتىگەندىن كەچكىچە سۇ توشۇيدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن ؛ يېزىدىكىلەر سۇ توشۇپ ئىچەلمەيدىغان بوۋاي - موماينىڭ سۇيىنى يىل بويى توشۇپ بېرىدىكەن ، ئەمما زادى ھەق ئالمايدىكەن ؛ ئاپتور بۇ كونا قۇدۇق يېزىدىكىلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇلارغا قانداق ئادەم بولۇشنى ئۇقتۇردى ، دەپ ئويلايدىكەن .

مۇشۇنداق تەسىراتقا ئاساسەن ، تېكىستنى ئابزاسلارغا بۆلۈشكە ، ھەرقايسى ئابزاسنىڭ مەزمۇنىنى يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ . ئابزاسنىڭ مەزمۇنىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ، تېكىستنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى چىڭ تۇتقىلى بولىدۇ .

بۇ — تېكىستنى ئوقۇپ چۈشىنىشنىڭ ئاساسىي تەلىپى ، چوقۇم ئەستايىدىل ئورۇنداش لازىم .

ئەگەر بۇ تېكىستنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمىنى ئېنىق چۈشىنىۋالالمىغان بولسىڭىز ، دەرس ۋاقتىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقۇچىدىن سورىسىڭىز ۋە ئۆزىڭىزنىڭ چۈشەنچىسىنى سۆزلەپ بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سىز بۇ تېكىستنى تېخىمۇ تولۇق چۈشىنىپ كېتەلەيسىز.

مەشىق:

يۇقىرىدا ئۆگىنىپ ئۆتكەن «ئەخمەتجان قاسىمى»، «كۆرۈشكەن كۈنى» ياكى «تاغام لۇشۈن ئەپەندى» دېگەن تېكىستلەردىن بىرنى تاللاپ ئوقۇپ، ئوقۇغاندىن كېيىنكى چۈشەنچەڭلارنى رەتلىك، ئىخچام سۆزلەپ بېرىڭلار.

## Ⅱ ئاساسىي مەشىق

1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار، ئاستى سىزىلغان سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

1) بۈگۈن بىز ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيىغا بېرىپ، زېھىن سىناش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىمىز.

2) كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

3) ئۇرۇمچىدىن قەشقەرغىچە ئايروپىلانغا

ئولتۇرسىڭىز ئاران ئىككى سائەتلا كېتىدۇ.

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇغۇچىلار ۋە ھەرقايسى جۈملىنىڭ مەنىسىدە قانداق ئوخشىماسلىقلار بارلىقىنى پەرق ئېتىڭلار. ئاندىن ئۆزۈڭلار مۇشۇنداق جۈملىلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

1) ھەممىيلەن بۇ پىئونېرنىڭ ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان ئېسىل پەزىلىتىنى بىر ئېغىزدىن ماختاشتى.

2) ھەممىيلەن بۇ پىئونېرنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى ماختاشتى.

3) ھەممىيلەن بۇ پىئونېرنىڭ پەزىلىتىنى ماختاشتى.

3. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى تېپىڭلار.

بىر بېغىم بار گۈلچىمەن،
گۈل ئېچىلغان مىڭ تۈمەن.
باغ ئىچىدە بېغى بار،
مەڭگۈ باھار چېغى بار.
چەت - چېتىگە كۆز يەتمەس،
تەرىپلىسەڭ سۆز يەتمەس.
ئۇندا بۇلبۇل سايرايدۇ،
قىز - ئوغۇللار يايرايدۇ.

شەپقىتى زور ئوكياندەك ،
خۇددى تۇغقان ئاناڭدەك .
ئېيتىڭلارچۇ دوستلىرىم ،
نامى نېمە بۇ باغنىڭ ؟

4 . تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار .

... بىر تەرەپتىن ... يەنە بىر تەرەپتىن...
تاكى ... قەدەر...
... خۇددى ... دەك ...

## 7. ئۆلتۈرۈلگەن قۇش

ماي ئېيىنىڭ ئوچۇق ۋە ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئاسماندا قۇشلارنىڭ ھەرياڭزا سايراشلىرى ئاڭلىناتتى.

كىچىككىنە بىر قۇش تۇيۇقسىزلا مېنى چۆچۈتۈپ، قۇلىقىم تۈۋىدىن غۇيىدە ئۇچۇپ ئۆتتى-دە، مېنىڭدىن سەككىز چامدام نېرىراقتا تۇرغان ئات تېزىكىگە قوندى. شۇ زامانلا مېنىڭدە ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش پىكرى قوزغالدى. ئاستا يەرگە ئېڭىشتىم؛ قولۇمغا بىر تاشنى ئالدىم-دە، كۆزلەپ تۇرۇپ ھېلىقى قۇشقا ئاتتىم. قۇش شۇ زامانلا يىقىلدى. مەرگەنلىك بىلەن ئۇرۇپ يىقىتقىنىمغا بەك خۇشال بولدۇم ۋە ئوقتەك ئېتىلىپ قۇشنىڭ يېنىغا باردىم. لېكىن ياتقان قۇشنى كۆرۈپ، تۇرغان يېرىمدە قېتىپلا قالدىم.

تولىمۇ چىرايلىق بىر قۇش، بېشى يانجىلغان ھالدا ئالدىمدا ئۆلۈپ ياتاتتى. ئۇنىڭ قاپقارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇنچاقتەك كۆزلىرى قىيا ئوچۇق ئىدى. ئاستا ئىچىلىپ - يېپىلىپ تۇرغان كىچىككىنە ئاغزىدىن ئارىلاپ - ئارىلاپ، قان كۆپۈكلىنىپ چىقىپ تۇراتتى.

«ئەي بەختسىز قۇش ... نېمە قىلدىم مەن ... ھە؟ بەلكىم ئۇنىڭ كىچىك باللىرى باردۇر. ئەمدى ئۇلارغا كىممۇ قارار. كىممۇ ئۇلارنى باقار؟ ئۇلارغا تازا ئۇۋال بولدى - دە ...

كۆڭۈل ئۆزىنىڭ نۇرىنى چاچاتتى، قۇشلار سايرىشاتتى، گۇللەر يېقىملىق پۇراقلىرىنى ھاۋاغا تارقىتاتتى ... مەن بولسام، جىنايەتچىدەك قېتىپ تۇراتتىم.

يوگوروپ باغقا كىرىش، گورجەكنى ئېلىپ چىقىش، دەرەخ تۈۋىگە كىچىككىنە ئورەك كولاش، قىزىلگۇل يوپۇرماقلىرىدىن بىرئاز ئېلىپ، ئۇلار بىلەن ھېلىقى ئۆلگەن قۇشنى ئوراش ۋە ئورەككە قويۇپ كۆمۈش - بىرنەچچە مىنۇتلۇقلا ئىش ئىدى.

ھويلىدا دادامنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مانا ھازىر مېنى چاقىرىدۇ. چاققان بولۇشۇم كېرەك. قۇشنى چاپسان كۆمۈپ، ئۈستىگە توپا دۆۋىلەپ قويدۇم ...

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ، ھارۋىغا — دادام بىلەن ئاپامنىڭ ئوتتورىسىغا ئولتۇردۇم .
— نېمىشقا بۇنداق تاتىرىپ كەتتىڭ؟ نېمە بولدى ساڭا؟ — دېدى ئاپام .
— ھېچنېمە بولمىدى ، — دېدىم .
شۇنداق قىلىپ ، مېنىڭ قىلغان ئىشىمنى ھېچكىم بىلمىدى . شۇ كۈندىن باشلاپ ، ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتتى . لېكىن ھېلىقى ئاغزىدىن قان كۆپۈكلىنىپ چىقىپ تۇرغان قۇش ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا جان ئۈزۈپ ياتقاندەك بىلىنىدۇ .

كۆنۈكمە :

1 . تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار :
1 ) بالا قۇشنى نېمىشقا ئۆلتۈردى؟
2 ) قۇش يىقىلغاندىن كېيىن بالا دەسلەپ نېمىگە مەغرۇرلاندى؟
3 ) بالا قۇشنىڭ قېشىغا بېرىپ نېمىنى كۆردى ، نېمىلەرنى ئويلىدى؟
4 ) بالا ئۆلگەن قۇشنى نېمە قىلدى؟
2 . بۇ ھېكايىنى 3 - شەخس تىلىدا يېزىپ چىقىڭلار .
3 . تۆۋەندىكى پارچىنى ئاڭلاپ يېزىڭلار ۋە تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭلار .

## قۇشلار بىزنىڭ دوستىمىز

كۈنىنىڭ نۇرى بارغانسېرى قىزىتماقتا، دەل دەرەخلەر كۆكىرىشكە باشلىدى، قارىغۇجا، بۇلبۇل ۋە باشقا قۇشلار بىزگە مېھمان بولۇپ كەلدى. قۇشلارنىڭ كۆپچىلىكى كىشىلەر ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق. ئۇلار تېرىلغۇلارغا، مېۋىلەرگە ۋە كۆكتاتلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھاشاراتلارنى يوقىتىدۇ، قۇشلارغا زىيان يەتكۈزمەڭلار! ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۇۋا ياساۋاتىدۇ، قۇشلارغا تاختايدىن ۋە قاپاقلاردىن ئۇۋا ياساپ بېرىڭلار، قۇشلار بىزنىڭ دوستىمىز!

## 8 . ئورمان ــ بىباھا گۆھەر

يەر شارىدىكى ئورمان كۆلىمى قۇرۇقلۇق كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ . ئورمان ــ ئىنسانلارنىڭ بۆشۈكى ، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم بايلىق مەنبەسى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كاپالىتى .

ئورماننىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئىنتايىن يۇقىرى .

ئورمان ــ ئىنسانلارنى ياغاچ ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدۇ . ياغاچ ماتېرىيالى سانائەتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان خام ئەشياسى بولۇپ ، ئۆي - ئىمارەت سېلىش ، تۆمۈريول ياساش ، قەغەز ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتى ، ئورگانىك خىمىيە سانائىتى قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ .

ئورمان سۇ مەنبەسىنى ساقلايدىغان ، سۇ ساقلاش ئىقتىدارى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان «سۇ ئامبىرى» دۇر . ئورماننىڭ يىلتىز سىستېمىسى ۋە چىرىندى ماددىسى تۇپراقنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلايدۇ . يەر يۈزىنى يامغۇر سۈيىنىڭ بىۋاسىتە

زەربىسىگە ئۇچراشتىن ساقلاپ، توپىنىڭ كۆچۈشىنى ئازايتىپ، سۇنىڭ سىڭىشچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

ئورمان بورانىنى توسۇپ، قۇمنى تىزگىنلەيدۇ. ئۇ يەر يۈزىدىكى شامال كۈچىنى توسىدىغان كۈچلۈك توسالغۇ بولۇپ، شامالنىڭ يۆنىلىشى ۋە سۈرئىتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئېھاتە ئورمانلىقى بىنا قىلغاندا ھاۋا كىلىماتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

ئورمان يەنە تەبىئىي ھايۋاناتلار باغچىسى بولۇپ، كۆپلىگەن ئەتىۋارلىق قۇشلار ۋە ئاجايىپ ھايۋانلار ئورماندىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي تونۇقتىن پايدىلىنىپ ياشايدۇ ۋە كۆپىيىدۇ. بۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قېلىشقىلا پايدىلىق بولۇپ قالماي، بەلكى كىشىلەرنى قىممەتلىك تېرە، گۆش ۋە قىممەتلىك دورا ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى تېخى مەملىكىتىمىز تاشقى سودىسىنىڭ مۇھىم مەنبەسىدۇر.

ئورمان يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە

بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مۇھىتنى ئاسراشتىكى رولىمۇ ئىنتايىن چوڭ.

ئورمان — ھاۋانى ساپلاشتۇرىدۇ. ئۇ ھاۋادىكى چاڭ - توزانلارنى سۈمۈرۈۋالىدۇ، كېسەل مىكروبلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، شۇنداقلا ئىنسانلارنى ۋە ھايۋانلارنى ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلەيدۇ. پۈتكۈل ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ماددا ئالماشتۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۈزلۈكسىز ھالدا ئوكسىگېن (كىسلاروت) نى ئۆزىگە سۈمۈرۈپ، كاربون (Ⅳ) ئوكسىدنى چىقىرىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر بولسا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، كاربون (Ⅳ) ئوكسىدنى ئۆزىگە سۈمۈرۈپ، ئوكسىگېننى چىقىرىدۇ.

ئورمان شاۋقۇننى پەسەيتىدۇ. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان شاۋقۇن مۇھىتنى بۇلغايدىغان ۋە ئادەمنى ئۆلتۈرىدىغان ئاستا خاراكتېرلىك زەھەر دەپ ئېتىراپ قىلىنماقتا. يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شاخ - شۇمبىلىرى ۋە غولى بولسا، يۆنىلىشى ئېنىق بولمىغان ئاۋاز دولقۇنىنى قايتۇرىدۇ ياكى پەسەيتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆنۈكمە :

1 . تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ چىقىپ ، ئابزاسلارغا بۆلۈڭلار ھەمدە ھەربىر ئابزاستا ئورماننىڭ قانداق پايدىسى بارلىقى سۆزلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

2 . نېمە ئۈچۈن «ئورمان بىباھا گۆھەر» دەپ ئاتىلىدۇ ؟ تېكىست مەزمۇنى ھەم ئۆزۈڭلارنىڭ بىلىدىغانلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ بېرىڭلار .

3 . «ئورماننىڭ پايدىسى» دېگەن تېمىدا قىسقا بىر پارچە يېزىڭلار .

## 9 . نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن

### جەننەت توشۇپ كېتىپ ...

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمدىن :

— ئەپەندىم ، مەن ئۆلگەندە جەننەتكە كىرەمەنمۇ ، دوزاخقىمۇ ، قېنى بىر ئادىل باھا بېرىپ بېقىڭا ، — دەپ سوراپتۇ . ئەپەندىم ئەيمەنمەستىنلا :

— دوزاخقا كىرىدىلا تەقسىر ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ، غەزەپتىن ساقاللىرى تىترەپ كېتىپتۇ . بۇنى كۆرگەن ئەپەندىم :

— تەقسىر ، خاپا بولمىسىلا ، ئەسلىدىغۇ جەننەتكە كىرىدىلا دېمەكچى ئىدىم . بىراق جاللاتلىرىنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلگەن بىگۇناھ كىشىلەر بىلەن جەننەت تولۇپ كەتكەن بولسا ، سىلىنى سىغمامدىكىن دەپ ، دوزاخ دەپتىمەن ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئۇسساپ قالغاندۇ

ئەپەندىم بىر تويغا بېرىپتۇ ، داستىخان سېلىنىپ مەزە تارتىلغاندىن كېيىن ، ئەپەندىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر كىشى ئۆزىنىڭ يېگىنىنى ئاز دەپ ھەدەپ يانچۇقىنى مەزەگە تولدۇرۇشقا باشلاپتۇ . ئەپەندىم دەرھال چەينەكنى ئېلىپ ئۇنىڭ يانچۇقىغا چاي قۇيۇپتىكەن ، ھېلىقى كىشىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ :

— ئەپەندىم ، بۇ نېمە قىلىق ، يانچۇققا چاي قۇيغان نەدە بار ؟ — دەپتىكەن ، ئەپەندىم :



— يانچۇقىڭىز شىرنىلىكلەردىن خېلى كۆپ يېدى . بەلكىم ئۇسساپ قالغاندۇ ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

كۆنۈكمە :

1 . ھەربىر لەتىپىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار ۋە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار :

1 ) نەسىردىن ئەپەندى پادىشاھقا نېمە ئۈچۈن «دوزاخقا كىرىدىلا» دەيدۇ ؟ بۇنىڭدىن نېمىنى چۈشەندىڭلار ؟

2 ) داستىخان ئۈستىدە ئەپەندىم نېمە ئۈچۈن ھېلىقى ئادەمنىڭ يانچۇقىغا چاي قۇيۇپ قويدى ؟ بۇ لەتىپىدە قانداق ئىش مەسخىرە قىلىنغان ؟

2 . بۇ دەرستىكى ھەربىر لەتىپىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار .

3 . سىلەر نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن يەنە قايسىلىرىنى بىلىسىلەر ؟ ئاۋۋال سۆزلەڭلار ، كېيىن سۆزلىگەنلىرىڭلاردىن بىرنى تاللاپ ، رەتلىك يېزىپ چىقىڭلار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 10 . ئالدار كوسا *

قەدىمكى زاماندا ئالدار كوسا دېگەن بىر كىشى ئۆتكەنىكەن . ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق ۋە زېرەك ئىكەن . كىشىلەر :

— ئالدار كوسىنى يىلانمۇ ئالدىيالمايدۇ ، — دەپ سۆزلىشىدىكەن . شۇ زاماندا بەرمەس باي دېگەن ناھايىتى پىخسىق بىر باي بولغانىكەن . ئۇنىڭ مال - مۈلكىنىڭ سان - ھېسابى بولمىسىمۇ ، ھېچكىمگە بىر تىيىنلىق پايدا كۆرسەتمەيدىكەن . كىشىلەر قورسىقىنىڭ ئاچلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولسا :

— بەرمەس باينىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغاندەك قورسىقىم توق ، — دەپ سۆزلىشىدىكەن .

بىر كۈنى ئالدار كوسا بەرمەس باينىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارماقچى بوپتۇ ، كىشىلەر ئالدار كوسىنى زاڭلىق قىلىپ :

— بەرمەس باينىڭكىدە مېھمان بولۇش ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاش بىلەن

تەڭ ، — دېيىشىپتۇ .

— كۆرىمىز ، — دەپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپتۇ ئالدار كوسا .

ئالدار كوسا قاشقا ئېتىنى مىنىپ ، بەرمەس باينىڭكىگە قاراپ كېتىپتۇ . ئۇ خۇشال ھالدا ناخشا ئېيتىپ ، ئۇزاق يول مېڭىپتۇ . بەرمەس باي ئادەملەردىن قېچىپ ، يىراق يايلاققا چىقىپ ، كىگىز ئۆي تىكىۋالغانىكەن . ئالدار كوسا ئۇنىڭ ئۆيىگە يېقىن كېلىپ ، ئېتىدىن ئاستا چۈشۈپتۇ - دە ، پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن مېڭىپ كېلىپ ، ئۆينىڭ يوچۇقىدىن ئىچىگە قاراپتۇ : بەرمەس باي ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، قىزا توغراۋاتقان ، خوتۇنى خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان ، قىزى بولسا ، توخۇنىڭ پەيلىرىنى يۇڭداۋاتقان ، خىزمەتكارى بولسا ، قوينىڭ بېشىنى ئۈتلەۋاتقانىكەن . ئالدار كوسا بىر يۆتىلىپ قويۇپ ، ھىجىيىپ ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ . ئۇ كىرە - كىرمەستىنلا ، ئۆي ئىگىلىرى قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ ، نەرسە - كېرەكلىرىنى يوشۇرۇپ قويۇپتۇ . بەرمەس باي كۈتمىگەن مېھماندىن :

— ھە ، نېمە يېڭىلىقلار بار ؟ — دەپ

سوراپتۇ .

— دۇنيادا يىگىلىقلار كۆپ ، — دەپ كۇلۇمسىرەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئالدار كوسا ، — كۆرگەنلىرىمنى ئېيتايمۇ ياكى ئاڭلىغانلىرىمنى ئېيتايمۇ ؟

— ئاڭلىغانلىرىڭ يالغان بولار ، كۆرگەنلىرىڭنى سۆزلە ، — دەپتۇ بەرمەس باي .

ئالدار كوسا :

— ئۇنداق بولسا ، مەن ئەڭ كېيىنكى كۆرگەن يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بېرەي ، — سىلەر تەرەپكە كېلىۋاتقىنىمدا ، يولدا تازىمۇ يوغان بىر يىلاننى كۆردۈم . ئۇ يىلان خۇددى سىزنىڭ ئاستىڭدىكى قىزىدىنىمۇ يوغانراق ئىكەن ، خىزمەتكارىڭىزنىڭ ئاستىدىكى تازىلاپ ئولتۇرغان قويىنىڭ كاللىسىدەك يوغان تاش بىلەن بىرنى قويۇۋېدىم ، خوتۇنۇڭىزنىڭ ئاستىدىكى خېمىردەك مىچچىدە قىلىپ ئېزىلىپ كەتتى . ئەگەردە مۇشۇ سۆزلىرىم يالغان بولسا ، قىزىڭىزنىڭ ئاستىدىكى توخۇدەك يۇڭدىلىپ كېتەي ، — دەپتۇ .

— ھەتتەڭ ، — دەپ بەرمەس باي بېشىنى چايقاپ قويۇپتۇ . لېكىن ئۇ ئالدار كوسىنى مېھمان



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىشنى زادىلا خالىماپتۇ .

ئالدار كوسىدىن قۇتۇلالمىغاندىن كېيىن ، باي ئالدار كوسىنىڭ ئېتىنى سويماقچى بوپتۇ . بۇنى ئاڭلاپ قالغان ئالدار كوسا قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ، تالاغا چىقىپ ، ئۆز ئېتىنىڭ قاشقىسىغا لاي سۈركەپ قويۇپ ، ئاندىن ئاق بور بىلەن باينىڭ ئېتىغا قاشقا سىلىپ قويۇپتۇ .

بەرمەس باي يېرىم كېچىدە ئالدار كوسىنىڭ يېنىغا كېلىپ :

— ھەي ، مېھمان ، ئېتىڭغا يامان كېسەل تېگىپتۇ ، تىپىرلاۋاتىدۇ ، قانداق قىلىمىز ؟ — دەپتۇ .

ئالدار كوسا بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن :

— دەررۇ بوغۇزلىۋەتكىن ! گۆشىنى يەيلى ،— دەپتۇ .

بەرمەس باي سەپسالمايلا قاشقا ئاتنى بوغۇزلاپتۇ ۋە خوتۇنىنى ئويغىتىپ ، ئاتنىڭ گۆشىدىن پىشۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ . ئالدار كوسا گۆش پىشقاندا ئورنىدىن تۇرۇپ ، گۆشنى يەپ ، شورپىسىنى ئىچىپ قورسىقىنى راسا تويغۇزۇپتۇ .

بەرمەس باي ئەتىسى ئۆز ئېتىنى سويۇپ

www.uyghurkitap.com

قويغانلىقىنى بىلىپ ، نېمە قىلارىنى بىلمەي كېتىپتۇ . ئالدار كوسا ئېچىلىپ - يېيىلىپ ، خۇشال هالدا ئېتىغا مىنىپ ، ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ .

كۆنۈكمە :

1 . بۇ چۆچەكنى قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار .

2 . ئالدار كوسىنىڭ زېرەكلىكى ئۇنىڭ قايسى ئىشلىرىدىن بىلىنىدۇ ؟

3 . بەرمەس باي ئۆزىنىڭ ئاچكۆزلۈكى ۋە بېخىللىقىدىن قانداق زىيان تارتتى ؟

4 . تۆۋەندىكى ماقاللارنى ئوقۇپ ، مەزمۇنىنى تېكىستكە بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىۋېلىڭلار .

بېخىلنىڭ بېغى كۆكەرمەس .

بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس ، قازان بېشىدىن چۈشمەس .

تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر .

## △11 . سەلەي چاققان لەتىپلىرىدىن

### ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش

سەلەي چاققان بىر كۈنى دۇكانغا كىرىپ بەش جىڭ شېكەر ئاپتۇ . دۇكانچى شېكەرنى كەم تارتىپ ، قەغەزگە ئوراپ بېرىپتۇ . بۇنى كۆرۈپ قالغان سەلەي چاققان :

— بەرگەن شېكىرىڭىز بەش جىڭ كەلمەيدىغۇ ؟ بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— يەڭگىلرەك بولسا ، ئاسان ئېلىپ كېتىسىز ، مەن سىزگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردىم ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دۇكانچى .

سەلەي چاققان شېكەرنىڭ پۇلىنى پۇكەينىڭ ئۈستىگە قويۇپلا مېڭىپتۇ . ئۇ تېخى بوسۇغىغا بارمايلا دۇكانچى توۋلاپتۇ :

— هەي يولداش ، بەرگەن پۇلىڭىز كەمغۇ ؟

— مەنمۇ سىزنىڭ سانىشىڭىزغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن پۇلنى ئازراق بەردىم ، —

دەپتۇ سەلەي چاققان .

## كۆزىڭىزنى داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ

سەلەي چاققان تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، قورسىقى ئاغرىپ قالغان بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ .

— ئەتىگەن نېمە يېگەنىدىڭىز ؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاققان ئۇنىڭدىن .

— قوشنىمىز قوغۇن ۋاشاڭ (پاساڭ) قىلغانىكەن ، توك سويما يېگەنىدىم ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كېسەل كىشى .

سەلەي چاققان ئۇنىڭ كۆزىگە بىر خىل مايلىق دورىنى سۈرتۈپ قويۇپتۇ .

— كۆزۈم ئەمەس ، قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى ھەيران بولۇپ .

— قورسىقىڭىزنى ساقايتىش ئۈچۈن كۆزىڭىزنى داۋالاشقا توغرا كېلىدىكەن ، — دەپتۇ سەلەي چاققان ، — چۈنكى كۆزىڭىز روشەنلەشسە ، زىيان قىلىدىغان نەرسىلەرنى يېمەيدىغان بولىسىز .

كۆنۈكمە :

1 . ھەربىر لەتىپنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار :

1 ) « ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش » دېگەن لەتىپىدە سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدىكى قانداق ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىنغان ؟

2 ) نېمە ئۈچۈن سەلەي چاققان قورسىقى ئاغرىغان ھېلىقى ئادەمنىڭ كۆزىگە مايلىق دورىنى سۈرتۈپ قويىدۇ ؟

2 . ھەربىر لەتىپىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار .

## Ⅲ ئاساسىي مەشىق

1 . بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار .

1 ) — تەخسىر ، خاپا بولمىسىلا ، ئەسلىمدىغۇ جەننەتكە كىرىدىلا دېمەكچى ئىدىم . بىراق ...... ، دوزاخ دەپتىمەن .

2 ) — يانچۇقىڭىز ...... ، بەلكىم ...... قالغاندۇ .

3 ) يولدا تازىمۇ يوغان يىلان كۆردۈم . ئۇ يىلان خۇددى ...... ئىكەن ، ھەزرەتكارنىڭ ئاستىدىكى ...... بىلەن بىرنى قويۇۋېدىم ، خوتۇنۇڭنىڭ

ئاستىدىكى ئېزىلىپ كەتتى ، ئەگەردە مۇشۇ سۆزلىرىم يالغان بولسا يوقىلىپ كېتەي .

2 . دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ گېزىت- ژۇرناللاردا چىققان لەتىپىلەرنى ئوقۇڭلار . ئۆزۈڭلارغا يارىغان بىر - ئىككى لەتىپىنى ساۋاقداشلىرىڭلارغا ئېيتىپ بېرىڭلار .

3 . تۆۋەندىكى ماقال - تەمسىللەرنى ئوقۇپ ، مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار .

دوستقا مۇھەببەت ،
دۈشمەنگە نەپرەت .

ۋاقىت — ئالتۇندىن قىممەت .
ۋاقتىڭ كەتتى — بەختىڭ كەتتى .
ھۆرمەت قىلساڭ ، ھۆرمەت كۆرىسەن .
كۆپ ئوقۇغان كۆپ بىلەر .
بىلىملىك ئۇزار ، بىلىمسىز توزار .
بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر ،
بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى .
ئەقىل ياشتا ئەمەس ، باشتا .

4 . تۆۋەندىكى يۇمۇرلارنى ئوقۇپ ، مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئۆز سۆزۈڭلار بويىچە سۆزلەپ بېرىڭلار .

## ئىككى قېتىملىق ياخشى ئىش

مۇئەللىم : رۇستەم ، سەن لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ ، يېڭى كەيپىيات تىكلەش پائالىيىتىدە قوشناڭ رابىيخان مومايغا نەچچە قېتىم ياخشى ئىش قىلىپ بەردىڭ ؟

رۇستەم : ئىككى قېتىم . بىرى ، مەن ئۇنىڭغا : توختام سۇ پاسكىنا ، يىراق بولسىمۇ قۇدۇقتىن سۇ ئەكىلىپ ئىچسىلە ، دېدىم . يەنە بىرى ، بازارغا ئۇبدان ئوتۇن كىرىپتىكەن ، دەرھال سېتىۋالسىلا دەپ خەۋەر قىلدىم .

## بىزنىڭ دەرس جەدۋىلىمىزدە …

— قىزىم گۈلنار ، ھويلىنى تازىلىۋېتىپ ماڭساڭمۇ دەرسكە كېچىكىپ قالمايسەنغۇ !

— ياق ئاپا ، بىزنىڭ دەرس جەدۋىلىمىزدە ھويلىنى تازىلاش دەپ يېزىلمىغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ھېچكىمگە ئېيتمىدىم

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەپ - ئەخلاق ھەققىدە سۆزلىدى:

— ھازىر مەكتىپىمىزدە ياخشى ئىشلارنى قىلىپمۇ ئۆزىنى ئاشكارىلىمىغان نۇرغۇن نامسىز قەھرىمانلار بارلىقىقا كەلمەكتە...

تېخى مۇئەللىمنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا داۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مۇئەللىم، مەن يولدا بىر بوۋايغا ھەمكارلىشىپ، نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بەرگەنىدىم، بىراق بۇنى ھېچكىمگە ئېيتمىدىم، — دېدى.

5. تۆۋەندىكى سۆز ئويۇنىنى ئاۋۋال پۇختا ئوقۇڭلار ۋە شۇ ئاساستا يادلىۋېلىڭلار، ئاندىن ئىككى - ئۈچتىن بىر گۇرۇپپا بولۇپ، بۇ ئويۇننى ئويناڭلار، مۇمكىن بولسا ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ بېقىڭلار.

## سۆز ئويۇنى

— سالما دېگىنە؟

— سالما .
— خەقنىڭكىنى سورىماي ئالما .

— ئالما دېگىنە ؟
— ئالما .
— مەكتەپكە كېچىكىپ قالما .

— سۆزلە دېگىنە ؟
— سۆزلە .
— ئەلاچى بولۇشنى كۆزلە .

— يارا دېگىنە ؟
— يارا .
— كىتابىڭغا ئوبدان قارا .

— خامان دېگىنە ؟
— خامان .
— هۇرۇنلۇق هەممىدىن يامان .

— باغلام دېگىنە ؟
— باغلام .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بولغىن ھەمىشە ساغلام .

— كۆل دېگىنە ؟
— كۆل .
— ئوقۇشقا كۆڭۈل بۆل .

— قول دېگىنە ؟
— قول .
— پاكىز ، رەتلىك بول .

— ئەلگەك دېگىنە ؟
— ئەلگەك .
— دائىم قىلىپ تۇر ئەمگەك .

— ئەمگەك دېگىنە ؟
— ئەمگەك .
— بىزدە ھەممە بار ، ئەلۋەك .

— يۆگەن دېگىنە ؟
— يۆگەن .
— بىلمىگىنىڭنى سوراپ ئۆگەن !

## 12 . لاڭياشەن تېغىدىكى بەش قەھرىمان

1941 - يىلى كۈزدە، ياپون باسقۇنچىلىرى سەنشى - چاخار - خېبېي تايانچ بازىمىزدىكى لاڭياشەن تاغلىق رايونىمىزغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلدى. شۇ چاغلاردا، 7 - لىيەن بۇيرۇققا بىنائەن مۇشۇ ئەتراپتا پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. 7 - لىيەن بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت قەھرىمانانە جەڭ قىلغاندىن كېيىن، سۇ ئىلاھى ئىبادەتخانىسى ئەتراپىغا يۆتكىلىشنى قارار قىلدى، ئاممىنىڭ ۋە لىيەندۈينىڭ يۆتكىلىشىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى بولسا 6 - بەنگە تاپشۇردى.

دۈشمەننى توسۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، 6 - بەندىكى بەش جەڭچى بىر تەرەپتىن قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنلەرگە قاتتىق زەربە بەردى، يەنە بىر تەرەپتىن پىلانلىق ھالدا چېكىنىپ، زور تۈركۈمدىكى دۈشمەننى لاڭياشەن تېغىغا باشلاپ كەلدى. ئۇلار ئەپلىك يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇملىرىنى ئارقىمۇئارقا

چېكىندۈردى . بەنجاڭ ماۋباۋيۈي جەڭگە تەمكىنلىك بىلەن قوماندانلىق قىلىپ ، دۈشمەنلەر يېقىنلاشقاندىلا ، ئاندىن قاتتىق زەربە بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى . مۇئاۋىن بەنجاڭ گې جېنلىن قەلبىدىكى تولۇپ تاشقان غەزەپ ئوتىنى مىلتىقنىڭ كىچىككىنە ئاغزىدىن چېچىپ تۈگىتەلمەيۋاتقاندەك ، بىر پاي ئوق ئۈزۈپلا قاتتىق سۈرەن سالاتتى . جەڭچى سۇڭ شۆيى پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ غۇلاچلاپ تۇرۇپ گرانات ئاتاتتى . خۇدېلىن ۋە خۇ فۇسەي دېگەن ئىككى كىچىك جەڭچى چىرايىنى تۈرۈپ ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن دۈشمەنلەرنى قارىغا ئېلىپ ئاتاتتى . جەڭ ئۇزۇنغا سوزۇلدى ، دۈشمەنلەر زادىلا ئىلگىرىلىيەلمىدى . ئەگرى - توقاي تاغ يوللىرى دۈشمەنلەرنىڭ ئوڭتەي - توڭتەي بولۇپ ياتقان جەسەتلىرى بىلەن تولدى .

بەش قەھرىمان قوغداش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ ، يۆتكىلىشكە تەييارلاندى . ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىككى يول بار ئىدى : بىر يول ، ئاساسىي قوشۇن يۆتكىلىپ كېلىۋاتقان تەرەپكە ئېلىپ باراتتى ، بۇ يولغا ماڭسا ، ليەندۈيگە پاتلا يېتىشىۋالغىلى بولاتتى ، لېكىن دۈشمەنلەر



www.uyghurkitap.com

ئارقىدىن ئەگىشىۋالدىغان بولسا ، خەلق ئاممىسى بىلەن لىيەندۈيىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئوڭايلا ئاشكارىلىنىپ قالاتتى ؛ يەنە بىر يول ، ئۈچ تەرىپى تىك قىيالىق نېلۇپەر بەرگىدەك ئەگرى - توقاي ئېگىز چوققىغا تۇتىشاتتى . قايسى يولغا مېڭىش كېرەك ؟ خەلق ئاممىسىنى ۋە لىيەندۈينىڭ ئاساسىي كۈچىنى قوغداش ئۈچۈن ، بەنجاڭ قەتئىي تۇردە «يۈرۈڭلار !» دېدى - دە ، باشلامچىلىق بىلەن تىك چوققىغا قاراپ ماڭدى . قېنى قىزىغان جەڭچىلەر بەنجاڭغا يېقىندىن ئەگەشتى . ئۇلار بەنجاڭنىڭ دۈشمەنلەرنى ھالاكەت يولىغا باشلايدىغانلىقىنى بىلەتتى .

بەش قەھرىمان ئېگىز چوققىغا ياماشقاچ ، دەرەخ ۋە تاشلارنى دالدا قىلىپ دۈشمەنلەرگە ئوق ئۈزەتتى . تاغ يولىدا دۈشمەنلەرنىڭ يەنە نۇرغۇن جەسەتلىرى قالدى . ئۇلار ئاخىرى دۈشمەنلەرنى ئۈچ تەرىپى تىك قىيالىق لاڭياشەن چوققىسىغا ئېلىپ كەلدى .

بەش جەڭچى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ دۈشمەنلەرگە داۋاملىق ئوق ئۈزدى . نۇرغۇن دۈشمەنلەر جىلغىغا غۇلاپ ، كۇكۇم - تالقان بولدى .

بۇ چاغدا بەنجاڭ يارىلاندى ، ئوق تۇگىدى ، پەقەت خۇفۇسەيىنىڭ قولىدا بىر دانە گراناتلا قالدى . ئۇ گراناتنىڭ قاپقىقىنى ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا ، بەنجاڭ ئېتىلىپ بېرىپ گراناتنى تارتىۋېلىپ ، بېلىگە قىستۇرۇۋالدى - دە ، ياغۇنچاق تېشىدەك چوڭلۇقتىكى تاشنى شىددەت بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى :



— يولداشلار ! تاش بىلەن مىجىقىنى چىقىرايلى !

شۇ هامان ، تاشلار خۇددى مۆلدۈردەك ، بەش قەھرىماننىڭ ئىرادىسى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە

دۈشــــمەنلەرنىڭ بېشىغا ياغدى . تاغ باغرىدا «ۋاي دات» دېگــەن سادالار ياڭــراپ ، دۈشــمەنــلــەر ئارقىمۇئارقا چوڭقۇر جىلغىغا دومىلىدى .

يــەنە بىر توپ دۈشمەنلەر ئېتىلىپ كەلدى . بەنجاڭ گراناتنى شارتتىدە يۇلۇۋېلىپ ، قاپقىقىنى ئېچىپ ، پۈتۈن كۈچى بىلەن دۈشمەنلەرگە ئاتتى . گــرانــات دۈشــمەنلەر ئارىسىدا قاتتىق سادا بىلەن پارتلىدى .

بــەش قــەھــرىمان لاڭياشەن چوققىسىدا تىك تــۇرغــان ھــالدا خەلق ئاممىسى بىلەن قوشۇننىڭ ئــاســاسىي كۈچى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان تەرەپكە نــەزەر ســالــدى . ئۇلار يەنە يامىشىپ چىقىۋاتقان دۈشــمــەنلەرگە بۇرۇلۇپ قارىغىنىدا ، چىرايلىرىدا غــەلىبە شادلىقى جىلۋە قىلدى . بەنجاڭ ماباۋيۈي ھاياجانلانغان ھالدا : «يولداشلار ، بىز ۋەزىپىمىزنى غەلىبىلىك ئورۇندىدۇق !» دېدى - دە ، دۈشمەنلەر قولىدىن تارتىۋالغان مىلتىقنى ئۇرۇپ پاچاقلاپ ، ئــانــدىــن تىك قىياغا قاراپ مېڭىپ ، ھەر قېتىم ھــۆجــۇمغا ئۆتكىنىدەك ، بىرىنچى بولۇپ چوڭقۇر جــىــلــغــىــغــا سەكرىدى . جەڭچىلەرمۇ باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ، كۆكرىكىنى كېرىپ ، ئارقىمۇئارقا تىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىيادىن تۆۋەنگە سەكرىدى . لاڭياشەن تېغى ئۈستىدە ئۇلارنىڭ مەردانە شوئارلىرى ياڭرىدى :

«ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتايلى ! »

«ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ! »

بۇ قەھرىمان جۇڭگو خەلقىنىڭ قەتئىي تىز پۈكمەس ساداسى ! بۇ سادا يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى ، تاغۇ دەريالارنى لەرزىگە سالدى .

كۆنۈكمە :

1 . تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇڭلار ۋە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار :

1 ) بەش قەھرىمان قوغداش ۋەزىپىسىنى قانداق ئورۇندىدى ؟

2 ) بەش قەھرىمان قوغداش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ، نېمە ئۈچۈن ئۈچ تەرىپى تىك قىيالىق ئېگىز چوققا تەرەپكە قاراپ ماڭدى ؟

3 ) دۈشمەنلەرنى ھالاكەت يولىغا باشلىغاندىن كېيىن ، بەش قەھرىمان دۈشمەنگە قانداق قاقشاتقۇچ زەربىلەر بېرىپ ، تىك قىيادىن باتۇرلۇق بىلەن سەكرىدى ؟

2 . تۆۋەندىكى كىچىك ماۋزۇلار بويىچە تېكىستنى

ئابزاسلارغا بۆلۈڭلار ھەمدە ھەربىر ئابزاسنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنگىنىڭلار بويىچە يىغىنچاقلاپ چىقىڭلار.

1) ۋەزىيەت تاپشۇرۇۋېلىش؛

2) دۈشمەننى ئالداپ تاغقا ئېلىپ چىقىش؛

3) دۈشمەنلەرنى ھالاكەت يولىغا باشلاش؛

4) چوققىدا دۈشمەنلەرنى يوقىتىش؛

5) باتۇرلۇق بىلەن تىك قىيادىن سەكرەش.

3. يۇقىرىدىكى بەش ئابزاسنىڭ قايسىلىرى بىرقەدەر تەپسىلىي، قايسىلىرى بىرقەدەر ئىخچام يېزىلغان؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق يېزىلغان؟

4. تۆۋەندىكىلەرنى ئاڭلاپ يېزىڭلار ھەمدە ئاستى سىزىلغان سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

پۇتۇن دىققىتى بىلەن، قەھرىمانانە جەڭ قىلىش، يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈش، تاغ - دەريالارنى لەرزىگە سېلىش، كۆكۈم - تالقان قىلىش، كۆكرەك كېرىش

5. تېكىستنى ھېسسىيات بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇڭلار.

6. تېكىستنى قىسقىچە قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.

7. بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇپ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ھەمدە بۇ سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

شۇ ھامان، تاشلار خۇددى ...، بەش قەھرىماننىڭ ئىرادىسى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە

دۈشمەنلەرنىڭ بېشىغا ياغدى .

ئۇلار يەنە يامىشىپ چىقىۋاتقان دۈشمەنلەرگە بۆرۈلۈپ قارىغىنىدا ، چىرايلىرىدا غەلىبە شادلىقى ... قىلدى .

## 13 . زەمبىرەكچىلەر ئىستىھكامىدا

باش قوماندان پېڭ دېخۇەي دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى چاغدا ، مەن دائىم ئۇنىڭ بىللە بىللە دېڭىز مۇداپىئە ۋە چېگرا مۇداپىئە ئالدىنقى سېپىگە ئۇرۇش تەييارلىق ئەھۋالى بىلەن مەشىق ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈشكە باراتتىم .

بىر قېتىم ، مەن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي بىلەن بىللە شەرقىي دېڭىز ئالدىنقى قاراۋۇلىدىكى بىر زەمبىرەكچىلەر ئىستىھكامىغا باردىم . بۇ ئىستىھكامغا قوماندانلىق قىلىشقا بىر تۆەنجاڭ مەسئۇل ئىكەن . باش قوماندان پېڭ دېخۇەي ئۇنىڭدىن جىق سوئاللارنى سورىدى . دەسلەپتە ئۇ توختىماي جاۋاب بەردى ، كېيىن چەت ئەللەردىكى ئەڭ يېڭى مۇنتىزىم زەمبىرەكنىڭ خۇسۇسىيىتى قانداق ، دېڭىز يۈزىدىكى ئالدىنقى نىشاندا قايسى دۆلەتلەرنىڭ قەرەللىك سۇ يوللىرى بار ؟ دەپ سورىغاندا ، ئۇ جاۋاب بېرەلمەي قالدى . باش

قوماندان پېڭ دېخۇەينىڭ بىر ئاز تەرى تۇرۇلدى . ئۇ ئوق - دورا ئىسكىلاتىنىڭ ئىستىھكامىنىڭ ئالدىنقى تەرىپىگە سېلىنغانلىقىنى ، تۇزۇلۇشىنىڭمۇ تەلەپكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ ، زادىلا چىداپ تۇرالمىدى . ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە بۇ يەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن بىر نەچچە قىسىم باشلىقلىرىدىن : «بۇ يەرگە قايسىڭلار كېلىپ باققان ؟ » دەپ سورىدى . ئۇ باشلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى بۇ يەرگە كېلىشكەنلىكلىرىنى ھەمدە بۇ ئوق - دورا ئىسكىلاتى ھەققىدىمۇ پىكىر بېرىشكەنلىكىنى ، باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ كەتكەچكە ، ئوق - دورا ئىسكىلاتىنى ئۆزگەرتىپ سېلىشقا دەخلى يەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى .

— باشقا ئىشلار ؟ قانداق باشقا ئىشلار ؟ - دېدى قاتتىق ئاچچىقلىنىپ باش قوماندان پېڭ دېخۇەي ، — ئىستىھكامىڭلارنى ساقلاشتىن ، دۈشمەننىڭ زەمبىرەك ئوقلىرىغا ئىستىھكامىڭلارنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلدۇرماسلىقتىنمۇ مۇھىم ئىش بارمۇ ؟ سىلەرچۇ ؟ سىلەر دۈشمەننىڭ بىرلا پاي زەمبىرەك ئوقىدا ئاسمانغا چىقىدىغان يەردە ئولتۇرغان تۇرساڭلار ، يەنە قانداق باشقا ئىشلارغا

ئالدىرايسىلەر ! ئۆزۈڭلار بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ !
باشلىقلار لام - جىم دېيەلمەستىن تۇرۇپ قېلىشتى . باش قوماندان پېڭ دېخۇەينىڭ ئاچچىقى بېسىلىپ ، ئاۋازى پەسەيگەن بولسىمۇ ، تەنقىدىنىڭ سالمىقى بەك ئېغىر ئىدى .
— سىلەر ھەممىڭلار مۇشۇ يەردە قېلىپ ، ھازىرلا تۇتۇش قىلىپ ، مۇشۇ ئوق - دورا ئىسكىلاتىنى بۇزۇپ ، باشقىدىن ياساپ چىقىڭلار . يەنە قانداق مەسىلە بولسا ، مۇشۇ يەردە مۇزاكىرىلىشىپ ھەل قىلىڭلار . بىر ئايدىن كېيىن كېلىپ تەكشۈرىمەن ! بۇ تۇەنجاڭ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ ھەربىي قانۇن باشقارمىسىغا ئەۋەتىلسۇن !
شۇ كۈنى باش قوماندان پېڭ دېخۇەي كەچكى غىزانى تۇەن شتابىدا يېدى . كۆپچىلىك ھەممىسى ئولتۇرۇپ بولۇشقاندا ، باش قوماندان پېڭ دېخۇەي تۇەنجاڭنىڭ كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ ، مېنى چاقىرىپ :
— شياۋ جىڭ ، يۈگۈر ، تۇەنجاڭنى چاقىرىپ كەل ! - دېدى .
تۇەن شتابىدىن چىقسام ، تۇەنجاڭ ئىشىكنىڭ

سىرتىدا تۇرۇپتۇ . مەن ئۇنى چاقىرسام ، ئۇ ماڭا پەرۋا قىلمىدى ؛ تارتسام ، ماڭماي تۇرۇۋالدى . باشلىقلاردىن بىرى چىقىپ ، ئۇنى تەنقىدلىۋىدى ، ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالغان پېتى باش قوماندان پېڭ دېخۇەيىنىڭ ئالدىغا كىردى .

باش قوماندان پېڭ دېخۇەي تۇەنجاڭنى تارتىپ ، ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى - دە ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى :

— بۇگۈن يەنە خاتا گەپ قىلىپ قويدۇم ، ساڭا ناماقۇل بولاي ! لېكىن بىرلا ئېغىز گېپىم خاتا بولدى ، سېنى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ ، ھەربىي قانۇن باشقارمىسىغا ئەۋەتىلىسۇن ، دېمەسلىكىم كېرەك ئىدى . قالغان گەپلىرىم توغرا ! ئەلۋەتتە ، خاتا دەپ تونۇغانلىرىڭ بولسا ، مېنى تەنقىدلىسەڭمۇ بولىدۇ ، قېيىداپ غىزا يېمىسەڭ بولمايدۇ - دە !

تۇەنجاڭنىڭ كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ ، ئۇ باش قوماندان پېڭ دېخۇەيگە قاراپ :

— رەھبەر ، مەن خاتا قىپتىمەن ، سىزنىڭ تەنقىدىڭىز توغرا ! - دېدى .

باش قوماندان پېڭ دېخۇەي يەنە مۇنداق دېدى :

— ھەممىسىنىڭ توغرا بولۇشى ناتايىن ، كۆپ قىسمى توغرا بولسىلا بولغىنى . ئويلاپ باققىن ، خەلق ساڭا بىر دەرۋازىنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىكەن ، سەن ئۇنىڭغا تۇرلۇك چارە - تەدبىرلەر بىلەن ئوبدان قارىشىڭ كېرەك - تە ! خاتالىقىڭنى تونۇپسەن ، گېپىمنى توختىتاي . تاماق يە ! غىزالىنىۋال !

تەسىرلەنگىنىدىن ، تۇەنجاڭنىڭ چوكا تۇتقان قولى تىترەپ تۇراتتى ، باش قوماندان پېڭ دېخۇەي چوكىسىغا جىققىنا سەينى قىسىپ ، ئۇنىڭ چىنىسىگە سېلىپ قويدى . قارىسام تۇەنجاڭ يېنىچە بولۇپ ، كۆزىدىكى ياشنى ئاستاغىنا سۇرتۇۋەتتى .

كۆنۈكمە :

1 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى تېكىستكە بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىۋېلىڭلار ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۇزۇڭلار .

دېڭىز مۇداپىئەسى ، چېگرا مۇداپىئەسى ، ئالدىنقى سەپ ، قەرەللىك سۇ يوللىرى ، ئىستىھكام ، قىيىداش ، كۆزدىن كەچۈرۈش ، دەخلى قىلىش ، ناماقۇل بولۇش ، چارە - تەدبىر ، تەرى تۇرۇلۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2 . تېكىستنى بىر تەرەپتىن ئوقۇپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ئويلىنىڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار :

1 ) تۆەنجاڭ زەمبىرەكچىلەر ئىستىھكامىدا باش قوماندان پېڭ دېخۇەي سورىغان قايسى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمىدى ؟ نېمە ئۈچۈن باش قوماندان پېڭ دېخۇەينىڭ تەرى تۇرۇلدى ؟

2 ) باش قوماندان پېڭ دېخۇەي نېمە ئىش سەۋەبىدىن چىداپ تۇرالماي ، شۇنچىۋالا ئاچچىقلىنىپ كەتتى ؟ باش قوماندان پېڭ دېخۇەينىڭ تەنقىدىنىڭ ئېغىر بولۇپ كەتكەنلىكىنى قايسى يەرلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ؟

3 ) تاماق ۋاقتىدا ، تۆەنجاڭ باش قوماندان پېڭ دېخۇەينىڭ قايسى سۆزلىرىدىن بەك تەسىرلىنىپ كەتتى ؟

4 ) باش قوماندان پېڭ دېخۇەينىڭ قايسى ئىشلىرى سىزنى قايىل قىلىدۇ ؟

3 . تېكىستنى ئابزاسلارغا بۆلۈپ ، ھەر بىر ئابزاسنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىڭلار ، ئاندىن پۈتۈن تېكىستنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى قىسقىچە ئېيتىپ بېرىڭلار .

4 . تېكىستنى ھېسسىيات بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇڭلار .

## بىر تەرەپتىن ئوقۇپ ، بىر تەرەپتىن ئويلاش

بىز تېكىستلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا ، بىر تەرەپتىن ئوقۇپ ، يەنە بىر تەرەپتىن ئويلىشىمىز

لازىم .

«زەمبىرەكچىلەر ئىستىھكامىدا» دېگەن تېكىستنى مىسالغا ئالايلى ، بۇ تېكىستنى ئوقۇپ ، باش قوماندان پېك دېخۇەي بىلەن زەمبىرەكچىلەر ئىستىھكامىغا مەسئۇل تۇەنجاڭنىڭ سۆزلەشكەن يېرىگە كەلگەندە ، تۇەنجاڭنىڭ ئالدى بىلەن سوئاللارغا توختىماي جاۋاب بەرگەنلىكىنى ، لېكىن كېيىن باش قوماندان پېك دېخۇەينىڭ خاپا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىمىز . بۇ چاغدا بىز باش قوماندان پېك دېخۇەي نېمە ئۈچۈن خاپا بولۇپ قالدى ؟ دېگەننى ئويلىشىمىز لازىم . تۇەنجاڭ ئالدى بىلەن توختىماي جاۋاب بەردى . بۇ ئۇنىڭ ئىچكى ئەھۋاللاردىن ئوبدان خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ . ئەمما باش قوماندان پېك دېخۇەي چەت ئەللەردىكى ئەڭ يېڭى مۇنتىزىم زەمبىرەكنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە دېڭىز يۈزىدىكى ئالدىنقى نىشاندا قايسى دۆلەتلەرنىڭ قەرەللىك سۇ يوللىرى بارلىقىنى سورىغاندا ئۇ جاۋاب بېرەلمەي قالدى . ۋەھالەنكى ، شەرقىي دېڭىز ئالدىنقى قاراۋۇلىنى ساقلاۋاتقان تۇەنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇلارنى چوقۇم بىلىشى كېرەك ئىدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن باش

قوماندان پىلك دىخۆەينىڭ تەرى تۇرۇلدى . تىكىستنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇساق ، باش قوماندان پىلك دىخۆەي ئوق - دورا ئىسكىلاتىنىڭ ئىستىھكامىنىڭ ئالدىنقى تەرىپىگە سېلىنغانلىقى ۋە تۇزۇلۇشىنىڭمۇ تەلەپكە ئويغۇن ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ ، زادىلا چىداپ تۇرالماي ئاچچىقلىنىپ كىتىدۇ . باش قوماندان پىلك دىخۆەي بۇ ئوق - دورا ئىسكىلاتىنى بۇزۇپ ، باشقىدىن ياساپ چىقىشنى ، تۆەنجاڭنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلىدۇ . ئوقۇپ بۇ يەرگە كەلگەندە ، باش قوماندان پىلك دىخۆەينىڭ خىزمەتتە نەقەدەر كەسكىن ، ئەستايىدىل ، ئىستىلى نەقەدەر چاقماقتەك تېز ئىكەنلىكىنى ئويلىيالايمىز . تېكىستتە ئۇنىڭغا ئۇلاپ ، باش قوماندان پىلك دىخۆەينىڭ تۆەن شتابىدا كەچلىك تاماق يېگەن ۋاقتىدا ، تۆەنجاڭنىڭ كەلمىگەنلىكىنى سېزىپ ، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ تەكلىپ قىلغانلىقى ، تۆەنجاڭ كەلگەندىن كىيىن ، باش قوماندان پىلك دىخۆەينىڭ بىر ئېغىز خاتا گېپىنى تۈزىتىۋالغانلىقى يېزىلغان . بۇ ئىشتىن شۇنى ئويلىيالايمىزكى ، باش قوماندان پىلك دىخۆەي كادىرلارغا غەمخورلۇق قىلىدۇ ، ئۇلارنى ئاسرايدۇ ، مەسىلەرنى ھەقىقەتنى

ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا ھەل قىلىدۇ، ئۆزىگىمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا قاتتىق پوزىتسىيە تۇتىدۇ، ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدلەش روھىغا باي. بىز بىر تەرەپتىن ئوقۇغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئويلاپ، پۈتۈن تېكىستنى ئوقۇپ تۈگىتىپ، تېكىستنىڭ باش-ئاخىرىنى بىر - بىرىگە باغلاپ، باش قوماندان پېڭ دېخۇەينىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، باش قوماندان پېڭ دېخۇەي ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز، بۇ ئىنقىلابىي پىشقەدەمگە تەبىئىي ھالدا ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ.

بەزىلەر كىتاب ئوقۇغاندا، ئالدىراپ - تېنەپ باشتىن - ئاخىر بىر قۇر ئوقۇپ چىقىدۇ، باش قاتۇرۇپ ئويلانمايدۇ، شۇڭا ئېرىشكەن نەتىجىسى تەبىئىي ھالدا زور بولمايدۇ.

بىز كىتاب ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، دىققىتىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئويلاپ، ئەستايىدىل كىتاب ئوقۇشتىن ئىبارەت ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## IV ئاساسىي مەشىق

1 . تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ يېنىغا مەنىسى يېقىن سۆزلەرنى يېزىڭلار ۋە بۇنداق سۆزلەرنى ئادەتتە ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار .

مەدھىيىلەش تەرىپلەش كىچىك پېئىل كەمتەر

يوغان چوڭ كۆرۈمسىز سەت

شېرىن تاتلىق گۈزەل چىرايلىق

**ئۈلگە :** كىچىك پېئىل — كەمتەر

2 . بېرىلگەن ئۈلگىگە ئاساسەن ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كېڭەيتىپ يېزىڭلار .

**ئۈلگە :** زالغا تاماشىبىنلار لىق تولغانىدى .

كەڭ ئازادە زالغا شادلىققا تولغان تاماشىبىنلار لىق تولغانىدى .

1 ) ساۋاقداشلار دەرس ئاڭلىماقتا .

2 ) ئۆمەر قىزىق ھېكايە ئېيتىپ بەردى .

3 ) كۇتۇپخانىغا كىتابلار تىزىلغان .

3 . مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇپ بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار .

1 ) ئاكام دائىم ماڭا ياخشى ئوقۇغىن

دەپ (          ) قىلىدۇ .

2 ) كىم ناخشىنى ياخشى ئېيتسا ، بىز چاۋاك چېلىپ (          ) بېرىمىز .

3 ) تاپشۇرۇقنى (          ) ئىشلەش كېرەك .

4 . تۆۋەندىكى پارچىنى ئىچىڭلاردا ئوقۇڭلار ، ئوقۇغاچ ئويلىنىڭلار ۋە سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار .

بىر كۈنى تاڭ ئەمدىلا يورۇۋاتقاندا ، ۋەھشىيلەشكەن بىر قانچە ياپون ئەسكىرى مىلتىقلىرىغا نەيزىلىرىنى قادىشىپ ، بالىلار ئۆمىكىنىڭ بىر ئەزاسىنى سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى بويىغا يالاپ ئېلىپ كەلدى .

بالىلار ئۆمىكىنىڭ بۇ ئەزاسى ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن قىزچاق ئىدى . ئۇ نېمە «جىنايەت» ئۆتكۈزگەن بولغىيدى ؟ ئۇنىڭ «جىنايىتى» يېزىدىكى بالىلارنى ئۆز ئانا تىلىمىزنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش ئىدى . ياپون جاھانگىرلىكى شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇ يەردىكى خەلقلەرنى مەڭگۈ قۇل قىلىش ئۈچۈن ، خەلقنى ئۆزىنىڭ جۇڭگولۇق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇشقا مەجبۇرلىدى . بالىلارنىڭ ئانا تىل — خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشكە يول قويمىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۈگۈن دۈشمەنلەر سۈڭخۇاجياڭ دەرياسى بويىدا بۇ قىزچاقنى «سوراق» قىلدى . تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ، ئۇلار يېزىدىكى نۇرغۇن بالىلارنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ يۇرۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى .

— نېمە ئۈچۈن بالىلارنى جۇڭگو ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشكە ئوغرىلىقچە تەشكىللىدىڭ ؟ — دەپ سوراق قىلدى دۈشمەن .

— چۈنكى مەن جۇڭگولۇق ! — جاۋاب بەردى قىزچاق .

دۈشمەن غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ كەتتى :

— بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ ئېتىپ تاشلىنىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن ؟

قىزچاق ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ :

— مېنىڭ ۋەتەننى سۆيىدىغان قەلبىمنى ئېتىپ تاشلىيالمايسىلەر ! — دەپ جاۋاب بەردى .

دۈشمەن ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ ، يالغاندىن ھىجىيىپ قىزچاققا :

— تېخى كىچىك ئىكەنسەن ، جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ ؟ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ، بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشكە

تەشكىللىمەيمەن ، دەپ ۋەدە بەرسەڭلا ، ئەڭ ياخشى مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ ئوقۇتىمەن ، — دېدى .

دۈشمەن بىردەم كۈتۈپ باقتى ، ئاندىن زەھەرخەندىلىك بىلەن :

— ناۋادا ھوشۇڭنى تاپمايدىكەنسەن ، ئۇ ھالدا ، ئەنە ئاشۇ دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا سېنىڭ قەبرەڭ بولىدۇ ! - دېدى .

قىزچاق مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە قىلچە ئىككىلەنمەي دەرياغا ئۆزىنى ئاتتى …

**سوئال :** قىزچاقنى ياپون ئەسكەرلىرى نېمە ئۈچۈن «سوراق» قىلدى ؟ «سوراق» جەريانىدا دۈشمەن قانداق ۋاستىلەرنى قوللاندى ؟ ئاقىۋىتى قانداق بولدى ؟ «مېنىڭ ۋەتىنىنى سۆيىدىغان قەلبىمنى ئېتىپ تاشلىيالمايسىلەر» دېگەن جۈملىنى قانداق چۈشەندىڭلار ؟

5 . «ئىنقىلابىي قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىپ ، ئىنقىلابنىڭ ئىزباسارى بولايلى» دېگەن تېمىدا سىنىپ بويىچە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىڭلار . سۆزلىمەكچى بولغىنىڭلارنى تېزىس شەكلىدە يېزىۋېلىپ سۆزلەڭلار .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 14 . ئۈچ بولكا

بېكەت نازارەتچىسى ئادىتى بويىچە يولۇچىلارنى تەرتىپ بىلەن ئاپتوبۇسقا چىقىرىپ، بىلەت رېتى بويىچە ئولتۇرغۇزدى. ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ هازىرلا قوزغىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، رول ئالدىدا شوپۇرنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئالدىمىزدىكى قونالغۇغا بارغۇچە 400 كىلومېتىردىن كۆپرەك يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتوبۇستىكى يولۇچىلار شوپۇرنىڭ بىغەملىكىدىن غۇدۇراشقا باشلىدى. شوپۇرنىڭ كەلمىگەنلىكى ئازلىق قىلغاندەك، كەينىمدە ئولتۇرغان ئايالنىڭ قۇچىقىدىكى بالىسى هەدەپ يىغلاپ، مېنى تېخىمۇ تىنچسىزلاندۇرۇۋەتتى.

شۇ ئەسنادا كىمدۇ بىرى «شوپۇر بېكەت ئاشخانىسىدا مەززە قىلىپ ئولتۇرغانمىكىن» دېۋىدى، بۇ قىياس بىر ئۆرۈلۈپلا راستقا ئايلىنىپ،

يولۇچىلارنى تېخىمۇ جىلە قىلىۋەتتى. يېنىمدا ئولتۇرغان بۆرۈتلۈق يىگىت ھەممىدىن بەكرەك جىلە بولغان بولسا كېرەك، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تاقىتى تۈگەپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىپ، ئاپتوبۇستىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى. يولۇچىلارنىڭ زارلىنىشلىرى يەنە كۆچەيدى. بىر يولۇچى «شوپۇر كېلىپ قالسا، ھېلىقى بۆرۈتلۈقنى ساقلاپ يەنە يېرىم سائەت كېچىكىدىغان بولدۇق ـ تە!» دەۋاتاتتى.

بۆرۈتلۈق يىگىت بولسا ئۇزۇن ئۆتمەي بولكا كۆتۈرۈپ ئاپتوبۇسقا قايتىپ چىقتى. ئۇ ئاشخانىدا شوپۇرنى تاپالماپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا ئىككى بولكا تۇراتتى. يىگىت يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بولكىنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا كەينىمدىكى ئايال ئۇنىڭ مۈرىسىنى يېنىككىنە تارتىپ قويۇپ سورىدى:

— بولكىنى نەدە سېتىۋېتىپتۇ؟ — قوۋۇزىغا توشقۇزۇۋالغان بولكىنى دەرھال يۇتۇپ كېتەلمىگەن يىگىت بېشى بىلەن بېكەت دەرۋازىسىنىڭ سىرتىنى ئىشارەت قىلدى. ئايال بالىسىنىڭ ئاچچىق يىغىسىغا پەرۋا قىلماي، ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ

قويۇپ ، يېنىدىكى يولۇچىلارغا ، ئاندىن ئاپتوبۇس سىرتىغا تەلمۈرۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ بىراۋنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، مەنمۇ شۇ تەرەپكە قارىدىم . ئايالنىڭ چاقىرغىنى 10 - 11 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ئىدى .

هاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغان ، چىلگە زىرائەت مايسىلىرى قىر ياپقان مەزگىل بولسىمۇ ، بۇ بالا ئۇچىسىغا ياماق چۈشكەن كالتە جۇۋا ، تولا يۇيۇلۇپ ئاقىرىشقا باشلىغان كۆك خادانىدىن ئىشتان كىيىۋالغان ، بېشىدا كونا شاپاق دوپپا ، پۇتىدا پارقىراقلىقى يوقالغان سۇلياۋ كەش بولۇپ ، ئۇنى پايپاقسىز كىيىۋالغانىدى .

بالا ئاستا دېرىزە تۈۋىگە كەلدى .

— ئۇكام ، خوش بولۇپ كېتەي ، ماڭا ئۈچ بولكا ئەكىلىپ بەرسەڭ ، — ئايال ئېڭىشىپ ئۇزۇن پايپىقىنىڭ قونچىدىن پۇل ئالدى ۋە بالىغا ئۇزاتتى . بالا دەرۋازا تەرەپكە يالت قىلىپ بىر كۆز تاشلىۋالدى - دە ، چوكانغا دېدى :

— ئەكىرىپ بېرىشنىغۇ بېرەرمەن ، مەندە ئاشلىق بېلىتى يوق .

ئايال ئالدىراپ قالدى .

ئاشلىق بىلىتى نەدە قالدىكىنە، ئەستاغپۇرۇللا، ئاشلىق بىلىتى ئالماسمىكىن دەيمەن. پۇلنى كۆپرەك تۆلىۋەتسەكلا...

— ئۇنداقتا مەن چىقىپ ئۇقۇپ كېلەي، پۇلىڭىزنى شۇ چاغدا بېرىڭ، — بالا دەرۋازا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

بۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سالغۇچى يالغۇز مەنلا ئەمەسكەنمەن، بېشىمنىڭ ئۇستىدىن ئارتىلىپ، بويىنىنى غازنىڭ بويىنىدەك سوزۇپ تۇرغان ئېگىز بويلۇق، تەمبۇرنىڭ بېشىدەك سوزۇنچاق يۈزلۈك بىر ئەر كىشى بۇ ۋەقەدىن تۇنجى بولۇپ خۇلاسە چىقاردى!

— ۋاي - ۋۇي، قاراڭلار، ئۇقۇپ كېلەي دېگەن ھېلىنى ئويلاپ تاپقىنىنى، بۇگۇن ناشتا قىلالماي قالغان نېمىكەن - دە!

— بۇگۇنكى باللار بۇشۇكىدىلا بۇزۇلۇۋاتىدۇ. ئەپتىگە قارىمىدىڭلارمۇ، ئۇ جەزمەن يانچۇقچى! ھېچ بولمىسا ئالدامچى، — سېمىز ۋە ئاق يۈزلۈك بىر ئايال چورتلا ھۆكۈم قىلدى. ھېلىقى سوزۇنچاق يۈزلۈك كىشى بۇ ھۆكۈمنى تېخىمۇ تولۇقلىدى:

www.uyghurkitap.com

— قاراپ تۇرۇڭلار ، بولكا بار ئىكەن ، ئاشلىق بىلىتى ئالمايدىكەن ، ئەكىلىڭ پۇلىڭىزنى دەپ كەلمىسە .

قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۈچ بولكا سېتىۋېلىپ بىرىنى بالىسى بىلەن ناشتىلىق ، ئىككىسىنى چۈشلۈك قىلىشنى قورسىقىغا پۈككەن ئايال ئارتۇقچە بىر نېمە دېمىدى ، پەقەت بۇ سۆزمەنلەرگە قاراپ قويدى - دە ، ئاشلىق بىلىتىنى ئىزدەشكە باشلىدى . دەل شۇ چاغدا ھېلىقى بالا بىر قانچە ئون جۈپ كۆزنىڭ نازارىتىدە دەرۋازىدىن ئالدىرىماي كىرىپ كەلدى ۋە ئايالنىڭ پۇلىنى ھەم ئاشلىق بىلىتىنى ئېلىپ يەنە چىقىپ كەتتى . مۇلاھىزە پىلتىسىگە يەنە ئوت تۇتاشتى .

— مانا ئۇنىڭ ئىشى قاملاشتى . ئۆزىنى بىردەم دالدىغا ئېلىپ تۇردۇ ، ئاپتوبۇس گۇررىدە مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئاشخانىغا كىرىپ پولو ياكى لەڭمەن بىلەن قورساق توقلايدۇ .

— كالتا پەم چوكان قاراپ تۇرۇپ پۇلىنى بىر ئالدامچىغا چاڭگاللىتىپ قويدى - ھە !

— ياقەي ، ئۇنداق دېمەڭلار ، ئوغرىمۇ ئادەم-دە ، بۇ چوكان ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتمىسا

بولامدۇ ؟…

— مانا ، ئەمدى ئايالنىڭ چىرايى ئۆڭۈشكە باشلىدى . ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ :

— سىلەرگە نېمە تو كەتتى ، ئەكېلىپ بېرەر ، ئەكېلىپ بەرمىسە باش - كۆزۈمنىڭ سەدىقىسى بولار ، — دېدى - دە ، بالىسىنى سىلكىپ جىمىلەپ قويدى .

مەن ھەيران بولدۇم ، ھەيران بولغىنىم شۇكى ، بۇ بالىنى ئوغرى ، يانچۇقچى بولماسلىقى مۇمكىن ، بولكىنى ، يا بولمىسا پۇلنى ئەكېلىپ بېرەر ، دەيدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى . شۇ ئارىدا شوپۇر تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ، ئالدىرىغان پېتى رولغا ئولتۇردى - دە ، ماتورنى ئوت ئالدۇردى . يولۇچىلارنىڭمۇ پاراڭلىرى ماتور بىلەن تەڭلا ئوت ئېلىپ كەتتى . ھېلىقى سوزۇنچاق يۈز ئۆزىنىڭ ئەۋلىيالىقىنى نامايان قىلغاندەك ، ئايالنىڭ كۆزىگە ئاتايىن تىكىلىپ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ قويدى . سېمىز خوتۇن بولسا ، ئايالغا دارىتىپ ، دېمىغىدا قاتتىق يۆتىلىپ قويدى .

ئاپتوبۇس قوزغالدى .

باھار ئاپتىپىدا قۇرۇپ كەتكەن بوزاك توپىلىق

بېكەتتىن قويۇق چاڭ ئۆرلىدى . مەن دېرىزىدىن قارىدىم . ئاپتوبۇس ئاستا مېڭىپ دەرۋازىدىن چىقتى . كۆزۈم ئەينەك جازىلىق يېمەكلىكلەر ھارۋىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئادەملەر قاتارىغا چۈشكەندە ، ھېلىقى بالىنىڭ نۆۋىتىمۇ كېلىپ قالغانىدى .

ئاپتوبۇس چوڭ يولغا قايرىلىۋاتقاندا چاڭ - توزانلار ئارىسىدىن ھېلىقى بالا پەيدا بولدى - دە ، ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدىن جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈردى . ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا بولكا ، سول قولىدا قەغەز پۇل تۇراتتى . ئۇ : «ئاچا ، مانا سىزگە ئۈچ بولكا ! مانا ئاشقان پۇل ! ...» دەپ ۋاقىرايتتى . مەن شوپۇرغا دەپ ئاپتوبۇسنى توختاتتىم . بالا



يىقىلىپ - قوپۇپ ، ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى ئـايـالـىنىڭ قولىغا تەسلىكتە تۇتقۇزدى . ئايالىنىڭ چىرايىغا كۈلگە يۈگۈردى . ئاپتوبۇس قويۇق چاڭ - توزىتىپ ، ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى . مەن چاڭ - تـوزانلار ئارىسىغا قارىدىم ۋە ھېلىقى ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان بالىنى كۆرگەندەك بولدۇم . ئۇ ھېلىمۇ بالىلارغا خاس ئىنچىكە ، يېقىملىق ئاۋازى بىلەن «مـانـا ئـۈچ بـولـكـا ! مانا ئاشقان پۇل !» دەپ ۋارقىرايتتى ، مۇدۇرلەتتى ، يۈگۈرەيتتى ···

كۆنۈكمە :

1 . تېكىستنى ئۈنلۈك ، ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار .
2 . ھېلىقى ئايال نېمە ئۈچۈن بالىغا بولكا ئەكېلىپ بېرىشكە پۇل بەردى ؟
3 . ئايال بالىغا بولكا ئەكېلىپ بېرىشى ئۈچۈن پۇل بەرگەندە باشقىلار نېمىلەرنى دېدى ؟
4 . ئـاپتوبۇس مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن بالا قانداق قىلدى ؟ بۇنىڭدىن قانداق تەسىرات ئالدىڭىز ؟
5 . تېكىستنىڭ ئاخىرقى ئابزاسىنى يادقا يېزىڭلار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 15 . كىچىك ۋاراتار

بۇ بىر پارچە بوش يەر پۇتبول مۇسابىقىسى ئېلىپ بارىدىغان راسا ياخشى يەر ئىدى . دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ، بىر توپ باللار يەنە بۇ يەرگە يىغىلدى . ئۇلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، سومكا ۋە باش كىيىملىرى بىلەن ۋاراتار ياساپ ، سەپ تۈزۈپ مۇسابىقىنى باشلىۋەتتى . ئۇلار يېقىن ئەتراپتا ئولتۇرىدىغان ئىنى - سىڭىللارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى ، ھەتتا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئېگىز بويلۇق تاغىمۇ ئىختىيارسىز ھالدا مەيداننىڭ بىر چېتىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ ، بۇ توپ مۇسابىقىسىدىن ھوزۇرلىنىشقا باشلىدى .

قاراڭ ، ئاۋۇ چېچىنى قىسقا ياستىۋالغان ۋاراتارنى ، ئۇ ئۆتكەن قېتىمقى مۇسابىقىدە توپ تۇتىمەن دەپ يىقىلىپ چۈشۈپ تىزىنى يارىلاندۇرۇۋالغان بولسىمۇ ، يەنىلا قىلچە پىسەنت قىلماي ۋاراتاردا تۇرماقتا . ئۇ تېرە پەلەي كىيىپ ،

پۈتلىرىنى كېرىپ، ئالدىغا ئىنتىلگەن ھالدا ئېگىشىپ، قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىغا ھوشيارلىق بىلەن تىكىلمەكتە. ئۇ ھەقىقىي ۋاراتارغا نەقەدەر ئوخشايدۇ - ھە!

ۋاراتارنىڭ كەينىدە قورسىقىنى دومبايتىپ تۇرغان ئوغۇل بالا، ۋاراتار بىلەن ئالمىشىدىغان بالا بولسا كېرەك. ئۇ مۇسابىقىنىڭ كېتىپ بېرىشىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەستىن، ئۆزىنىڭ چاپسانراق مەيدانغا چۈشۈشىنى، بىر نەچچە خەتەرلىك توپنى تۇتۇۋېلىشىنى چىن دىلىدىن ئويلاپ تۇرماقتا.

مەيداننىڭ سىرتىدىكى تاماشىبىنلارچۇ؟ ئۇلار مەيداننىڭ ئۇ بېشىغا قاراپ قالغان. روشەنكى، ئىككى تەرەپ ئۇ ياقتا راسا ئېلىشىۋاتقان ئوخشايدۇ. قىزىل بۆكلۈك ئاۋۇ قىزچاق باشقىلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ كۆرسەتمەي قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئالدىغا ئېگىشىپ، كۆزلىرىنى يىراققا تىككىنىچە «ئۇ ياقتىكىلەر ئۇتۇلۇپ قالمىغىيدى» دەپ ئويلاپ ئولتۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قىزىل گالستۇكلۇق بالا بويىنىنى سوزۇۋالغان. قىزىل لېنتا چىگىۋالغان قىز مۇنداقچىلا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى پۈتۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىققىتى بىلەن كۆزەتمەكتە . ئەمدىلا ئۇكىسىنى باشلاپ كېلىپ ئولتۇرغان قىزىل گالستۇكلۇق بالا ئەڭ چەتتە ئولتۇرغان بولۇپ ، ئۇكىسىنى چىڭ قۇچاقلىغانچە ، ناھايىتى تېزلا جىددىي مۇسابىقىگە بېرىلىپ كەتكەن . قاراڭ ، كىمنىڭدۇ چىرايلىق ئاق ئىتى ئىگىسى بىلەن بۇ يەرگە كەپتۇ — يۇ ، تېپىلىۋاتقان توپ بىلەن قىلچە كارى بولماي ، مەيداننىڭ بىر چېتىدە ھۇزۇرلىنىپ يېتىپ ئارام ئېلىۋېتىپتۇ . ئەمدى قورچاق كۆتۈرۈۋالغان ئاۋۇ قىزچاققا قاراڭ ، ئۇ باشقىلارغا ئوخشىمىغان ھالدا ، چىرايىدىن باشقىچە ئىپادىنى بىلدۈرمەي ، بىتەرەپلىكنى ساقلاۋاتقاندەك راۋۇرۇس ئولتۇرماقتا . ئۇنىڭ يېنىدىكى شەپكە كىيىۋالغان بالا بۇنداق كەسكىن مۇسابىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان بولسا كېرەك ، بەكمۇ جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ . بۇ مۇسابىقىگە ئەڭ قىزىقىۋاتقىنى ئاۋۇ ئېگىز بويلۇق تاغا ئىدى ، ئۇ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ ئولتۇراتتى .

بۇ مۇسابىقە بەكمۇ قىزىقارلىق ، بەكمۇ ياخشى بولۇۋاتاتتى . ئېگىز بويلۇق تاغا بۇ بالىلارغا قاراپ ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا كوچىلاردا توپ تېپىپ

يۈرگەن ئاشۇ گۈزەل كۈنلىرىنى ئەسكە ئالدى ۋە پۇتبول ھەرىكىتىنىڭ ئەتىسىنى كۆرگەندەك بولدى

كۆنۈكمە :

1 . دەرسلىك كىتابنىڭ باش تەرىپىدىكى رەڭلىك رەسىمگە قاراڭلار ۋە ئۇنى تېكىست بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئاپتورنىڭ بۇ رەسىمنى قايسى تەرتىپ بىلەن كۆزەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

2 . رەسىمگە قارىغاچ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈڭلار . ئاندىن ئۆز سۆزۈڭلار بويىچە كىچىك ۋاراتارنى ۋە ئۆزۈڭلار ئەڭ قىزىققان بۇ تاماشىبىننى تەسۋىرلەپ بېرىڭلار .

3 . تېكىستتە ھەر بىر ئادەمنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى تۇتۇلۇپ يېزىلغان ؟ تېكىستنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئابزاسىدىكى جۈملىلەرنى قانداق چۈشىنىسىز ؟

4 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار . ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە دىققەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار .

1 ) قاراڭ ، چېچىنى قىسقا ياستىۋالغان ۋاراتارنى ، ئۇ ئۆتكەن قېتىمقى مۇسابىقىدە توپ تۇتىمەن دەپ يىقىلىپ تىزىنى يارىلاندۇرۇۋالغان بولسىمۇ ، يەنىلا قىلچە

پسەنت قىلماي ۋاراتاردا تۇرماقتا .

2 ) ئۇلار يېقىن ئەتراپتا ئولتۇرىدىغان ئىنى - سىڭىللارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى ، ھەتتا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىگىز بويلۇق تاغىمۇ ئىختىيارسىز ھالدا مەيداننىڭ بىر چېتىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ بۇ توپ مۇسابىقىسىدىن ھوزۇرلىنىشقا باشلىدى .

5 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار .

ۋاراتار ، پۇتبول ، جەلپ قىلىش ، ھوزۇرلىنىش ، پسەنت قىلماي ، تاماشىبىن ، بىتەرەپ ، رازىمەنلىك .



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 16 . ۋەدە

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ، مەن شەھەر باغچىسىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتىم . قىزىق كىتاب بولغاچقا ، ئوقۇشقا بېرىلىپ كېتىپ ، گۇگۇم ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى تۇيماي قاپتىمەن . كۆزلىرىم تورلىشىپ ، خەتنى كۆرەلمەي قالغاندىلا ، كىتابنى يېپىپ ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا ماڭدىم .

باغدا بىرمۇ ئادەم قالماپتۇ . چوڭ كوچىدا چىراغ نۇرلىرى چاقنايتتى . دەرۋازىنۇەن دەرەخلىكتە قوڭغۇرىقىنى چالاتتى .

مەن باغچىنىڭ دەرۋازىسى ئېتىلىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ ، ئىتتىك قەدەملەر بىلەن ئالغا ماڭدىم .

بىردىن ، چاتقاللىقتا بىرىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، تۇرۇپ قالدىم .

مەن ياندىكى چىغىر يولغا بۇرۇلدۇم ، قاراڭغۇدا ئۇ تەرەپتىكى كىچىككىنە ئاق تاش ئۆينى غۇۋا كۆردۇم . تاش ئۆي تېمىنىڭ تۇۋىدە 7 - 8

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياشلاردىكى بىر بالا تۇراتتى . ئۇ بېشىنى سېلىپ ، كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك ھۆكرەپ يىغلايتتى .

مەن ئالدىغا بېرىپ ، ئۇنىڭدىن :

— ھوي شاكىچىك ، نېمە بولدۇڭ ؟ — دەپ سورىدىم .

ئۇ خۇددى بۇيرۇق چۈشكەندەك ، شۇ ھامان يىغىدىن توختىدى ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى :

— ھېچنېمە .

— ھېچنېمە دەيسەنغۇ ؟ سېنى بىرى بوزەك قىلدىمۇ ؟

— ياق .

— ئەمىسە نېمىشقا يىغلايسەن ؟

ئۇ يەنە كۆز يېشىنى توختىتالماي ، بۇرنىنى تارتتى .

— يۇر كېتەيلى . قارىغىنا ، كەچ كىردى ، باغچىنىڭ دەرۋازىسى تاقىلىدىغان ۋاقىت بولدى .

مەن ئۇنى قولىدىن يېتىلىمەكچى بولۇۋېدىم ، ئۇ دەرھال قولىنى تارتىۋالدى :

— ياق ، مەن كېتەلمەيمەن .

— نېمىشقا ؟ ئىشىڭ بارمۇ ؟

— ھېچقانداق ئىشىم يوق .

— ئـەمـسـە ، ساڭا زادى نېمە بولدى؟ بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇ؟

— ھېچيېرىم ئاغرىمايدۇ.

— ئەمىسە، نېمىشقا قايتمايسەن؟

— مەن پوستتا تۇرۇۋاتىمەن.

— پوستتا؟ قانداق پوستتا تۇرۇۋاتىسەن؟

— ئەستاغپۇرۇللا، نېمانداق چۈشەنمەيسىز؟ بىز ئويناۋاتىمىز.

— كىم بىلەن ئويناۋاتىسەن؟

بالا ئۈندىمەي، خۇرسىندى ـ دە، ئاندىن:

— بىلمەيمەن، — دېدى.

بۇ چاغدا مەن ھەقىقەتەن بۇ بالىنىڭ نىرۋىسى چاتاق ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

— ھـوي، نېمە دەۋاتىسەن؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — ئويناۋېتىپ، كىم بىلەن ئويناۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغانمۇ ئىش بولامدۇ؟

— شـۇنداق، بىلمەيمەن، — دېدى بالا، — ئـورۇندۇقتا ئولتۇراتتىم، بىر توپ چوڭ باللار كېلىپ: «ئـۇرۇش قىلىش ئويۇنى ئويناشنى خالامسەن؟» دەپ سورىدى. «خالايمەن» دېدىم مەن. شۇنداق قىلىپ، ئويناشقا باشلىدۇق. ئۇلار

ماڭا : «سەن جۇڭشى (سېرژانت)» دېدى . يەنە بىر چوڭ بالا — ئۇ يۈەنشۈەي (مارشال) ئىكەن ... ئۇ مېنى مەشەگە باشلاپ كېلىپ ، ماڭا : «بۇ بىزنىڭ ئوق - دورا ئامبىرىمىز . سەن پوستتا تۇرىسەن ، مەشەدە تۇر ، مەن كېلىپ سېنىڭ ئورنۇڭغا ئالمىشىمەن» دېدى . «ماقۇل» دېدىم مەن . ئۇ يەنە : «سەن كېتىپ قالمايمەن دەپ قەسەم بەر» دېدى .

— سەن نېمە دېدىڭ ؟

مەن : «قەسەم بېرىمەن ، كېتىپ قالمايمەن» دېدىم .

— كېيىن قانداق بولدى ؟

— كېيىن مەن تۇردۇم ، تۇردۇم ، ئۇلار تېخىچە كەلمىدى .

— هە ! دېدىم مەن كۈلۈپ ، — سەن بۇ يەردە تۇرغىنىڭغا ئۇزاق ۋاقىت بولدىمۇ ؟

— كەلگەن چېغىمدا ، كۈن تېخى يورۇق ئىدى .

— ئەمىسە ئۇلار نەگە كەتتى ؟

بالا يەنە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى :

— مېنىڭچە ئۇلار كېتىپ قالدى .

— ئۇنداق بولسا، سەن بۇ يەردە يەنە نېمىشقا تۇرىسەن؟

— مەن قەسەم بەرگەن.

كۆلگۈم كەلدى، لېكىن بۇنىڭ كۈلىدىغان نېمىسى بار، دېگەن ئويغىمۇ كەلدىم. بالىنىڭ قىلغىنىنى پۈتۈنلەي توغرا ئىدى. قەسەم بەرگەندىكىن، ئويۇن ئويناشتا بولسىمۇ ئوخشاش، قانداق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كېرەك.

— مۇنداق گەپ ئىكەن - دە! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — ئەمدى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟

— بىلمەيمەن، — دېدى - دە، بالا يەنە يىغلىۋەتتى.

ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈم كەلدى، لېكىن قانداق ياردەم بېرىش كېرەك؟ ئۇنى پوستتا تۇرغۇزۇپ قويغان شوخ بالىلارنى ئىزدەش كېرەكمۇ، ئۇلار ئۇنى پوستتا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى ئۆيلىرىگە كېتىپ قالغان. ئۇلار، ئەتىمالىم، كەچلىك تاماقنى ئاللىقاچان يەپ بولغاندۇر.

لېكىن بىرەيلەن تېخىچە بۇ يەردە پوستتا تۇرۇۋاتىدۇ، قاراڭغۇ كېچە، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى تاماق يېمىگەن.

— قورسقىڭ ئاچقاندۇ ؟
— ھە ئاچتى .
— ياخشى ، ئەمسە مۇنداق قىلايلى ، — دېدىم مەن بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ ، — سەن تېز ئۆيۈڭگە قايتىپ ، تامىقىڭنى يە ، مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا پوستتا تۇرۇپ تۇراي .
— مۇنداق دەڭ ، — دېدى بالا ، — مۇنداق قىلساق بولارمۇ ؟
— نېمىشقا بولمايدىكەن ؟
— سىز ھەربىي ئەمەستە .
— دۇرۇس ، — دېدىم مەن بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ ، — مۇنداق قىلساق مەسىلە ھەل بولمايدۇ . مەن سېنىڭ پوستتىكى ئورنۇڭدىن كېتىشىڭگە بۇيرۇق قىلالمايمەن ، پەقەت ھەربىي ، پەقەت ئوفىتسېرلا شۇنداق قىلالايدۇ...
مەن بىردىن ئەقلىمگە كېلىپ ، پەقەت ھەربىيلا ئۇنىڭ ۋەدىسىنى ئورۇندىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ ، ئۇنىڭ پوستتىن چۈشۈشىگە بۇيرۇق بېرەلەيدۇ ، دەپ ئويلاپ ، بىر ھەربىينى تېپىپ كەلمەكچى بولدۇم .
مەن بالىغا :

— سەن بىر دەم كۈتۈپ تۇر ، — دېدىم - دە ، شۇ هامان باغچىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتىم .

باغچىنىڭ دەرۋازىسى تېخى ئېتىلمىگەن ، دەرۋازىۋەن يىراقتا تېخىچە چارلاپ ، قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ يۈرەتتى .

بىر ھەرىبىي ئۆتۈپ قالار دەپ ، دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈپ تۇردۇم . لېكىن كوچىدا بىرمۇ ھەرىبىي كۆرۈنمەيتتى .

كېيىن خېلى تەسلىكتە دوقمۇشتىكى تراموۋاي بېكىتىدە ماش رەڭ ھەرىبىي شەپكىگە كۆزۈم چۈشتى . مەن ھېچقاچان بۇنچىلىك خۇشال بولمىغان بولسام كېرەك ، تراموۋاي بېكىتىگە جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈردۈم . لېكىن مەن يېتىپ بارغۇچە ، بېكەتكە بىر تراموۋاي يېتىپ كېلىۋېدى ، ھېلىقى ئوفىتسېر قىستىلىپ تراموۋايغا چىقىشقا تەمشەلدى .

مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ :

— يولداش ئوفىتسېر ، توختاپ تۇرۇڭ ... — دېدىم ھاسىراپ .

— نېمە ئىش ؟ — دېدى ئۇ بۇرۇلۇپ ، ھەيران

بولغان ھالدا ماڭا قاراپ :

— مۇنداق گەپ ، — دېدىم مەن ، — ئاۋۇ تەرەپتىكى باغچىدىكى كىچىك تاش ئۆينىڭ يېنىدا بىر بالا پوستتا تۇرىدۇ . ئۇ كېتەلمەيدىكەن ، چۈنكى ئۇ قەسەم بېرىپتىكەن… ئۇنىڭ يېشى كىچىك ، ئۇ يىغلاۋاتىدۇ…

ئوفىتسېر گېپىمگە ئازراقمۇ چۈشەنمىدى . ئۇنىڭغا بايىقى ئىشنى تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەرگىنىمدىن كېيىن ، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن :

— يۈرۈڭ ، يۈرۈڭ ! بۇنىڭغا ، ئەلۋەتتە ، بېرىش كېرەك ! — دېدى .

بىز باغچىنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلگەندە ، دەرۋازىۋەن قولۇپنى دەرۋازىغا سالماقچى بولۇپ تۇرۇپتىكەن .

مەن يەنە بىر بالىنىڭ باغچىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ، بىر نەچچە مىنۇت كۈتۈپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدىم .

مەن ۋە ئوفىتسېر ئىككىمىز باغقا يۈگۈرۈپ كىرىپ قاراڭغۇدا ھېلىقى ئاق تاش ئۆينى ئاران تاپتۇق . بالا يەنىلا بۇرۇنقى جايىدا يىغلاپ تۇرۇپتۇ ، لېكىن پەس ئاۋازدا يىغلاۋاتاتتى . مەن ئۇنى

چاقىرىۋېدىم ، ئۇ خۇشاللىقىدا ۋاقىرىۋەتكىلى تاس قالدى .

— قارىغىنا بىر ئوفىتسېر باشلاپ كەلدىم ، — دېدىم مەن .

بالا ئوفىتسېرنى كۆرۈپ ، خۇددى بىردىنلا بويى خېلى ئۆسۈپ قالغاندەك ، شۇ هامان قەددىنى رۇسلىدى .

— يولداش مۇهاپىزەتچى ، — دېدى ئوفىتسېر ئۇنىڭغا ، — سېنىڭ ئۇنۋانىڭ نېمە ؟

— مەن جۇڭشى ، دېدى بالا .

— يولداش جۇڭشى ، — سېنىڭ پوستتىن چۈشۈشۈڭگە بۇيرۇق بېرىمەن .

بالا بىر پەس جىمىپ كېتىپ ، بۇرنىنى تارتىپ قويدى - دە :

— سىزنىڭ ئۇنۋانىڭىز نېمە ؟ — دەپ سورىدى .

— مەن شاۋشياۋ (مايور) .

بالا قولىنى كۈل رەڭ شەپكىسىنىڭ قىرىغا قويۇپ ، ئېيتتى :

— خوپ ، يولداش شاۋشياۋ ، مەن بۇيرۇققا بىنائەن پوستتىن چۈشىمەن !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ بۇ سۆزلەرنى شۇنچە جاراڭلىق ، شۇنچە كەسكىن ئېيتقاچقا ، ئوفىتسېر ئىككىمىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتۇق . بالىمۇ خۇشخۇي كۈلدى .

بىز ئۇچەيلەن باغچىدىن چىقىشىمىزغا ، باغچىنىڭ دەرۋازىسىمۇ تاقىلىدە ئېتىلدى .

— يولداش جوڭشى ، سەن ھەقىقەتەن ئەزىمەت ئىكەنسەن ، — دېدى ئوفىتسېر ، — سەن ھەقىقىي جەڭچى بولالايسەن . خەير !

— خەير ... — دېدى بالا ئۇنىڭغا خۇشال بولۇپ .

مەن ئۇنىڭ قىزىقارلىق چىرايىغا قاراپ ، كۆڭلۈمدە : بىر بالا مۇشۇنداق مۇستەھكەم ئىرادىگە ئىگە بولسا ، ئۆزىنىڭ سۆزىگە ئاشۇنداق ئەمەل قىلسا ، چوڭ بولغاندا چوقۇم ھەقىقىي ئادەم بولىدۇ دەپ ئويلىدىم .

مەن بالىنىڭ قولىنى خۇشاللىق بىلەن يەنە بىر قېتىم چىڭ قىستىم .

كۆنۈكمە :

1 . تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ ، تۆۋەندىكى تېزىس

بويىچە بۇ ھېكايىنى قايتا بايان قىلىڭلار .

1 ) ياز كۆنلىرىنىڭ بىرى ، گۇگۇم ۋاقتى ، باغچىنىڭ دەرۋازىسى ئېتىلىش ئالدىدا ، «مەن» 7 - 8 ياشلاردىكى بىر بالىنىڭ كىچىك بىر ئۆينىڭ تۈۋىدە يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم .

2 ) تەپسىلىي سوراۋېتىۋىرسەم ، ئەسلىدە ئۇ باشقا بالىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئويۇنى ئويناپ ، پوستتا تۇرغان جەڭچى ئىكەن ، ئوق - دورا ئامبىرىنى ساقلاۋېتىپتۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىشقا بىرەرى كەلمىگۈچە كەتمەسلىككە قەسەم ئىچىپتۇ .

3 ) بالىلار كېتىپتۇ ، ئۇ قورسىقى ئاچ ھالدا قاپتۇ ، لېكىن «ئوفىتسېر» نىڭ بۇيرۇقى چۈشمىگىچە ئۇ پوستتىن چۈشەلمەيدىكەن .

4 ) «مەن» باغدىن چىقىپ ، ترامۋاي بېكىتىدىن بىر ئوفىتسېر تېپىپ كەلدىم . ئىككىمىز باغچىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ ، بالا پوستتا تۇرغان يەرگە يېتىپ كەلدۇق ، ئوفىتسېر شاۋشىياۋ سالاھىيىتىدە ئۇنى پوستتىن چۈشۈشكە بۇيرۇق بەردى .

5 ) ئۇچەيلەن باغدىن چىقتۇق ، «مەن» بۇ بالا چوڭ بولغاندا چوقۇم ھەقىقىي ئادەم بولىدۇ ، دەپ ئويلىدىم .

2 . تېكىستتىنى ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار ، بولۇپمۇ دىئالوگلارنى ئوقۇغاندا ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىڭلار .

3 . تۆۋەندىكى پارچىنى رەتلەپ كۆچۈرۈڭلار .

دادام ياز كۆنلىرى باغدا ئىشلەيتتى، قىش كۆنلىرى بولسا، كونا بىر كۆرەك جۆۋىنى كىيىپ، خاماندا كۆزەت قىلاتتى.

مېنىڭ دادام ئېگىز بويلۇق، ئەمما بەللىرى مۈكچەيگەن بىر كىشى ئىدى.

مەن ياز كۆنلىرىدە دادام بىلەن باغدىكى بىر ئەسكى كەپىدە يېتىپ باغ ساقلايتتىم، قىش كۆنلىرى كونا خاماننىڭ قورۇقلىرىدا توشقان قوغلاپ ئوينايتتىم.

ئۇنىڭ يۈزى ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەن بولۇپ، ئاپئاق ساقاللىرى ئۇنى يەنمۇ قارا قىلىپ كۆرسىتەتتى.

## ئەتراپتىكى شەيئىلەرنى كۆزىتىشكە دىققەت قىلىش لازىم

ئەتراپتىكى شەيئىلەرنى ھەر دائىم دىققەت بىلەن كۆزەتكەندە، يازغان ماقالىنىڭ مەزمۇنى كونكرېت ۋە جانلىق بولۇپ چىقىدۇ. شەيئىلەرنى كۆزىتىشكە دىققەت قىلماي، ئۆزى خالىغانچە يېزىۋەرگەندە، ماقالە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشماي، جانسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، ئوقۇغان ئادەمدە تەسىر قالدۇرالمايدۇ.

«كىچىك ۋاراتار» دېگەن تېكىستتە ئاپتورنىڭ ئەتراپتىكى شەيئىلەرنى قانداق كۆزەتكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى: ئاپتور بۇ تېكىستنى دەرسلىك كىتابنىڭ باش تەرىپىدىكى «كىچىك ۋاراتار» دېگەن رەڭلىك رەسىمنى كۆزىتىش ئارقىلىق يېزىپ چىققان.

بىر رەسىمنى كۆزەتكەندە، ئالدى بىلەن مەقسەت ئېنىق بولۇشى كېرەك. بۇ تېكىستتە ۋاراتار يېزىلغان ئىكەن، ئۇ ھالدا پۇتبول مەيدانى بولۇشى كېرەك. شۇڭا ئاپتور ئاۋۋال پۇتبول مەيدانىنى كۆزىتىدۇ. «بۇ بىر پارچە بوش يەر

پۇتبول مۇسابىقىسى ئېلىپ بارىدىغان راسا ياخشى يەر ئىدى .» دېگەن جۈملە ئارقىلىق پۇتبول مەيدانى مەكتەپ تەنتەربىيە مەيدانىدا ياكى باشقا تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا ئەمەس ، بەلكى «پۇتبول مۇسابىقىسى ئېلىپ بارىدىغان راسا ياخشى» ، «بىر پارچە بوش يەر» دە ئىكەنلىكىنى يازىدۇ . ئاندىن تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ، «مەيدان» دا ۋاراتار يوقلىقىنى ، باللارنىڭ «سومكا ۋە باش كىيىملىرى بىلەن ۋاراتار ياسىغان» لىقىنى يازىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، تاماشىبىنلارنىڭ كىملىكىنى كۆزىتىدۇ . ھازىر «مەيدان» ، «ۋاراتار» ۋە «تاماشىبىنلار» يېزىلىپ بولدى ، ئەمدى نېمىنى يېزىش كېرەك؟ ئاپتور شەيئىلەرنى داۋاملىق تۇردە كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىپ ، توپ تۇتۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغان «كىچىك ۋاراتار» نى يازىدۇ . «قاراڭ ، ئاۋۇ چېچىنى قىسقا ياسىتىۋالغان ۋاراتارنى ، ئۇ ئۆتكەن قېتىمقى مۇسابىقىدە توپ تۇتىمەن دەپ يىقىلىپ چۈشۈپ تىزىنى يارىلاندۇرۇۋالغان بولسىمۇ ، يەنىلا قىلچە پىسەنت قىلماي ۋاراتاردا تۇرماقتا . ئۇ تېرە پەلەي كىيىپ ، پۇتلىرىنى كېرىپ ، ئالدىغا ئىنتىلگەن ھالدا ئېڭىشىپ ، قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىغا ھوشيارلىق بىلەن تىكىلمەكتە .» بۇ جۈملىلەرنى ئوقۇغاندا ، ئاپتورنىڭ بۇ بالىنىڭ

چىچىنى ، تىزىنى ، قولىنى ، پۇتىنى ، بەدەن قىياپىتىنى ، كۆزلىرىنى نەقەدەر ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەنلىكىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز .
تاماشىبىنلارنى كۆزىتىش تېخىمۇ تەپسىلىي بولغان . ئاپتور ھەر بىر تاماشىبىننى شۇ قەدەر تەپسىلىي كۆزىتىپ ، شۇ قەدەر جانلىق تەسۋىرلىگەنكى ، كۆز ئالدىمىزدا ئاشۇ بالىلار ئەينەن گەۋدىلىنىدۇ . ئاپتور «ئېگىز بويلۇق تاغا» نىڭ سىرتقى قىياپىتىنى ئانچە تەسۋىرلىمىگەن بىلەن ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئولتۇرۇشىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش ئارقىلىق ، «كىچىك ۋاقتىدا كوچىلاردا توپ تېپىپ يۈرگەن ئاشۇ گۈزەل كۈنلىرىنى» ئەسلەۋاتقانلىقىنى سېزىۋالىغان ، «پۇتبول ھەرىكىتىنىڭ ئەتىسى» نى كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلىۋالىغان .
دېمەك ، ئەتراپتىكى شەيئىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ، ئەتراپلىق كۆزىتىش ماقالە يېزىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى . كۆزەتكەندە ، ھەر بىر شەيئىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم . كۆز بىلەن كۆزىتىپلا قالماستىن ، بەلكى شۇ شەيئى ھەققىدە كۆپرەك ئاڭلاش ۋە كۆپرەك سوراش لازىم . شۇنداق قىلغاندىلا شەيئىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشەنگىلى بولىدۇ ، يازغاندىمۇ جانلىق ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەينەن يازغىلى بولىدۇ .

## V ئاساسىي مەشىق

1 . تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار ۋە سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار .

فرانسىيىلىك ماتېماتىكا ۋە فىزىكا ئالىمى پاسكال كىچىك ۋاقتىدا «نېمە ئۈچۈن» دەپ سوئال سوراشنى ياخشى كۆرۈپلا قالماستىن ، بەلكى ئۆزى ئويلىنىشنى ۋە مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى تېپىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى .

بىر قېتىم ، پاسكال ئاشخانىنىڭ يېنىدا ئويناۋاتاتتى ، ئاشپەز ئۈستام قوشۇق بىلەن تەخسىگە بىر نەچچىنى ئۇرۇپ قويۇۋىدى ، جاراڭ-جۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز چىقتى . بۇ ئاۋاز قانچە - قانچە يىللاردىن بېرى چىقىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭغا دىققەت - ئېتىبارىنى بۆلمىگەنىدى . ئەمما بۇ ئاۋاز پاسكالنى جەلپ قىلىۋالدى ، ئۇ ، ئاۋاز بىر نەرسىگە يەنە بىر نەرسىنى ئۇرغاندا چىقىدىغان بولسا ، قوشۇق تەخسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ ، نېمە ئۈچۈن ئاۋاز دەرھال يوقىلىپ كەتمەيدۇ ؟ دەپ ئويلاپ قالدى ۋە ئۆزى تەجرىبە قىلىشقا كىرىشتى . ئۇ ، تەخسىگە قوشۇقنى ئۇرغاندىن كېيىن ئاۋازنىڭ توختىماي

چىقىدىغانلىقىنى ، لېكىن تەخسىنىڭ چېتىنى قول بىلەن تۇتۇۋالغاندا ، ئاۋازنىڭ دەرھال توختاپ قالىدىغانلىقىنى بايقىدى . پاسكال ئەسلىدە ئاۋاز چىقىرىشتا ئەڭ مۇھىمى ئۇرۇلۇش ئەمەس ، تەۋرىنىش ئىكەن . ئۇرۇلۇش توختىغاندىن كېيىن ، تەۋرىنىش توختىمايدىغانلا بولسا ، ئاۋاز چىقىۋېرىدىكەن ، دېگەننى خۇشاللىق بىلەن بايقىدى .

شۇنىڭ بىلەن 11 ياشلىق پاسكال ئاۋازنىڭ تەۋرىنىش قائىدىسىنى بايقاپ ، ئىلمىي ئىزدىنىشىنى باشلىۋەتتى . ئۇ 16 يېشىدا ماتېماتىكا ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلدى ، 22 يېشىدا دۇنيا بويىچە تۇنجى مېخانىزملىق ھېسابلاش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلدى ، 24 يېشىدا مەشھۇر بولغان ھەقىقىي بوشلۇق تەجرىبىسىنى ئىشلەپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى . بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا كاللا ئىشلىتىشكە ئامراقلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ .

**سوئال :** پاسكالنىڭ كىچىك ۋاقتىدا قانداق ئالاھىدىلىكى بار ئىدى؟ ئۇ ئاۋازنىڭ تەۋرىنىش قائىدىسىنى قانداق بايقىدى؟ كېيىن قانداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى؟

2 . تۆۋەندىكى پارچىنى تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا قويۇپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار .

قۇربان ھېيت كۈنى مەن ئاكام بىلەن ھەسەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاكامنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ باردىم ھەسەن ئاكامنىڭ ئۆيى بەكمۇ ئازادە بەكمۇ پاكىز يوپيورۇق ئىكەن تامغا ئېسىلغان ئىران نۇسخىلىق گىلەم ئىشىكتىن كىرىشىمىزگە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇمىلاق ئۈستەل ئۈستىگە ساڭزا كەمپۇت قاق چىلان ئۈزۈم خاسىڭ ۋە ئۆيدە پىشۇرغان ھەر خىل پېچىنە پرەنىكلەر تىزىلغانىدى بىز ئايشەم ئاچام پەتنۇستا ئەكەلگەن چاينى ئېلىپ ھېيتلىق نەرسىلەرگە ئېغىز تەگكەچ مۇشۇنداق ياخشى كۈنلەر ھەققىدە پاراڭلىشىپ كەتتۇق .

3 . تۆۋەندىكى جۈملىلەردە مەنە جەھەتتىن تەكرارلىنىش بارمۇ ؟ تۈزىتىپ كۆچۈرۈڭلار .

1 ) خەلق باغچىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى چىرايلىق .

2 ) بىپايان كۆپكۆك سۈزۈك ئاسماندا بىر پارچىمۇ بۇلۇت يوق بولغاچقا ، ئەينەكتەك سۈزۈك ئىدى .

3 ) يامغۇر يېغىپ كەتتى ، مەن دەرھال قوشنىلار تالاغا يېيىپ قويغان كىرلەرنى شۇ ھامان يىغىپ ئەكىرىپ قويدۇم .

4 ) ئالىم قىن - قىنىغا پاتماي تالادىن يۈگۈرۈپ كىردى - دە ، خۇشاللىق بىلەن : «بىز تېلېۋىزور ئالدۇق» دېدى .

4 . تۆۋەندىكى رەسىمنى مەلۇم تەرتىپ بويىچە تەپسىلىي كۆزىتىڭلار . كۆزەتكىنىڭلارنى قىسقىچە خاتىرىلىۋېلىڭلار . ئاندىن ئۆگىنىپ ئۆتكەن «كىچىك ۋاراتار» دېگەن تېكىستكە ۋە «ئەتراپىتىكى شەيئىلەرنى كۆزىتىشكە دىققەت قىلىش لازىم» دېگەن ئەدەبىي ساۋاتقا بىرلەشتۈرگەن ھالدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ كېلىڭلار .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 17 . بۆرە بىلەن قوزىچاق

«دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى قۇرت يەيدۇ دائىم» ،
«تارىختا مىساللار كۆپتۇر بۇنىڭغا .
تارىخ توغرىسىدا قالايلۇقتە جىم ،
چۆچەك ئېيتايلى ، قۇلاق سال شۇنىڭغا .»
يازنىڭ ئىسسىق بىر كۈنىدە
قوزا باردى سۇ ئىچكىلى .
ئۆز جېنىغا قەست قىلغۇچىدىن
خەۋىرى يوق ئۇنىڭ تېخى .
ئەنە شۇ يەردە ئاچ بۆرىنىڭ
يۈرگىنىنى بىلمەيدۇ ئۇ .
قوزىچاقنى كۆرە - كۆرمەس ،
بۆرە يۈگۈرۈپ كېلىپ قالىدۇ .
ئۆز قەستىنى قانۇنغىمۇ
ئازراق لايىق قىلماقچى بولۇپ ،
ۋاقىرايدۇ قوزىچاققا —
ئىككى كۆزى قانغا تولۇپ :
«سەن ئىپلاسنى بىلمەن مەن !
تۇمشۇقىڭنى سۇغا تىقىپ
تازا سۇنى بۇلغۇتۇپسەن !

سۇ ئۈستىگە قالار چىقىپ ،
تېگىدىكى ھەممە لايلار .
تازا بىر سۇ ئىچەلمەيمەن
بۇ ئېرىقتىن يىللار ، ئايلار !
بۇ ئىشىڭغا چىدالمايمەن ،
تۇتۇۋېلىپ بىر يالمايمەن ! »
قوزا دېدى : «ئەي ھۆرمەتلىك ،
ئەرزىمنى بىر تىڭشىسىلا .
مېنىڭ ھېچبىر گۇناھىم يوق ،



ماڭا ئازاب قىلمىسىلا !
يۈز قەدەمچە تۆۋەندە مەن ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جانابىڭىز ئىچكەن جايدىن .
مېنىڭ ئەسلا خەۋىرىم يوق ،
سۆز يۆزىگە چىققان لايدىن ! »
«دېمەك ، مېنىڭ گېپىم يالغان؟ !
بۇ گۇناھىڭ ئاندىن يامان !
دۇنيادا يوق مۇنداق بوھتان .
ئالدىرىما ، تېخى سەن بەچچىغەر ،
ئۈچ يىل بۇرۇن ناھايىتى قوپال
بىر گەپ قىلغان ئىدىڭ ماڭا ،
كۆرسىتىمەن ئەمدى ساڭا ! »
«ئۆتكەن يىلى تۇغۇلدۇمغۇ ! »
«ئۇنداق بولسا ئاكاڭدۇر ئۇ ! »
«نە ئاكام بار ، نە ئۇكام بار ؟ »
«گەپ توقۇما ھەي بەچچىغەر !
ئۇرۇغۇڭدۇ ، ئايمىغىڭدۇ ؟
بىرەر ئاغزى مايمىقىڭدۇ ؟
ئۇلاردىنمۇ تاناتتىڭمۇ ؟
تانماق شۇنداق بەك ئوڭايمۇ ؟
سىلەر ھەممىڭ بىر بولىسىلەر !
دائىم ماڭا قەست قىلىسىلەر !
ھەممىڭ ماڭا بىر دەكسىلەر ،
ھەممىسىگە سەن جاۋابكار ! »
«تەقسىر ، مېنىڭ گۇناھىم نېمە ؟ »

«تېنچ تۇر ئەمدى تولا سۆزلىمە!
سۇرۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم بارمۇ،
قورسىقىڭ ئاچسا، غىزا بولسا ئىلغاتتىڭمۇ؟
گۇناھىڭ شۇكى، ئۇچراپ قالدىڭ قورساق
ئاچقاندا»
شۇنداق قىلىپ قوزىچاقنى يېدى جاڭگالدا.

كۆنۈكمە:

1. مەسىلىنى تەكرار ئوقۇغىلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:
1) قوزىچاق نەگە بارغانىدى؟ ئۇ نېمىگە ئۇچراپ قالدى ۋە قانداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى؟
2) بۆرە قوزىچاقنى يېيىش ئۈچۈن قانداق باھانىلەرنى تاپتى؟
3) بۆرىنى قانداق ئادەملەرگە ئوخشىتىش مۇمكىن؟
2. تېكىستنى روللارغا بۆلۈنۈپ ئوقۇغىلار.
3. مەسىلنى ئاۋۋال ئۆزىڭدىكى ۋەقەلىك تەرتىپىگە ئاساسەن ھېكايە قىلىپ سۆزلەڭلار، ئاخىرىدا سۆزلىگەنلىرىڭلار ئاساسىدا ئۇنى نەسرىي شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ قىسقىچە يېزىپ چىقىڭلار.
4. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە مەنە جەھەتتىن قارىمۇ-قارشى بولغان سۆزلەرنى يېزىڭلار.
جىمجىت، ئىسسىق، ئاچ، تۆۋەن، يالغان، قوپال، ھايات، ئىلگىرىلەش، غالىبىيەت، دوست

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## △18. پوچى پاشا

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر زەيكەشلىكتە بىر توپ پاشا بىر - بىرىنى راسا ماختىشىپ گىڭىلدىشىۋاتقان ئىكەن. توساتتىن بوران چىقىپ كېتىپتۇ. پاشىلار قېچىپ ئۈلگۈرەلمەپتۇ. بوران ئۇلارنى ئۇچۇرتۇپ تاملارغا دەل - دەرەخلەرگە زەرب بىلەن ئۇرۇپتۇ - دە، مىجىقىنى چىقىرىۋېتىپتۇ. ئارىدا بىر پاشا ئۆلمەي قاپتۇ، سەۋەبى، بوران ئۇنى يوغان بىر توپ ئالما دەرىخىگە ئۇرغاندا بۇ پاشا دەرەخ قوۋزىقىنىڭ ئارىسىغا كەپلىشىپ قالغانىكەن.

بوران توختىغاندىن كېيىن، ئۇ ھوشىغا كېلىپ، ئاستا ئەتراپقا قاراپتۇ. قارىسا، ئۆزى شۇنداق بىر ھەشەمەتلىك كاتتا بىر باغنىڭ ئىچىدە تۇرغىدەك. پاشا ئۆزىنىڭ ھايات قالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، قىن - قىنىغا پاتماي كېتىپتۇ ۋە بۇنداق كەڭتاشا، گۈزەل باغدىن زادىلا كەتكۈسى كەلمەپتۇ، ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى مۇشۇ باغنىڭ پادىشاھى بولۇش شېرىن خىيالىنى قىپتۇ - دە، ئالما دەرىخىنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، گىڭىلداپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. بىر

چاغدا بۇنىڭ گىڭگىلدىشىدىن بىزار بولغان ئالما دەرىخى :

— ھەي ئاۋاق ! نەدىن پەيدا بولغان بىر نېمە سەن ؟ بېغىمىزنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرماي يوقال بۇ يەردىن ! دەپ ۋارقىراپتۇ .

پاشا كۆرەڭلىك بىلەن ھىجىيىپتۇ . دە :

— ۋاھ ، ماڭا تەزىم قىلىپ رەھمەت ئېيتماقتا يوق ، يەنە تېخى يوقال دەيسىنا ! — دەپتۇ .

— نېمە قىلغىنىڭغا رەھمەت ئېيتاتتىم ؟ — دەپتۇ ئالما دەرىخى ئۇنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ .

پاشا ھېچقانداق تەپ تارتماي سۆزلەشكە باشلاپتۇ :

— تېخىچە بىلمىدىڭمۇ ؟ سېنى بايىقى بوراندىن ساقلاپ قالدىمغۇ ! ئەگەر بايىقى بوراندا سېنى تۇتۇۋالمىغان بولسام ، ئاللىقاچان سۇنۇپ ، يىلتىزىڭمۇ قالمىغان بولاتتى ! ...

ئالما دەرىخى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ :

— ھەي ، يۈزى قېلىن ئاۋاق ! ئۇيالساڭچۇ ، مۇشۇ سۆزنى قىلىشقا قانداقمۇ تىلىڭ باردى ؟ سېنىڭ قانچىلىك نېمە ئىكەنلىكىڭنى كىم بىلمەيدۇ ! — دەپتۇ .

پاشا پەرۋا قىلماي، تېخىمۇ پوچىلىق قىلىپ:

— بىلىپ قوي، مەن يالغۇز سېنىلا ئەمەس، پۈتۈن باغنى، مۇشۇ كەڭ يۇرت — ماكاننى ساقلاپ قالدىم! مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلىشمەيۋاتامسەن؟! — دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان باشقا ئالما دەرەخلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇۋېلا پو ئېتىۋاتقانلىقىدىن كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئالما دەرىخى ئۇنى يەنە گەپكە سېلىپ باقماقچى بولۇپ:

— ئۆزۈڭ دەپ باقە، سەن كىم بولىسەن؟ — دەپتۇ.

— مەن مۇشۇ باغنىڭ خوجايىنى!

— پاھ، بۇ باغنى سەن بىنا قىلغانمۇ؟ — دەپتۇ ئالما دەرىخى تەنە قىلىپ.

— تاپتىڭ، تاپتىڭ! — دەپ خۇشال بولۇپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ پاشا، — پەقەت دۇنيادا مەنلا مۇشۇنداق گۈزەل باغلارنى بىنا قىلالايمەن. دۇنيادا مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتىدىغان كۈچتۈڭگۈر يوق! بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىڭلار مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنۇڭلار...

ئۇنىڭ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي كاپشىشلىرىدىن بىزار بولغان ئالما دەرەخلىرى:

— يوقال ، يۈزى قېلىن شەرمەندە ! — دەپ تەڭلا ۋارقىرىغان ئىكەن ، ئۆلارنىڭ ئاۋازىدىن پەيدا بولغان شامالنىڭ كۈچى بىلەن پاشا قاڭقىپ بېرىپ ، بىر تىكەنگە سانجىلىپ قاپتۇ - دە ، «ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن ، پالاسقا يۆگىلىپ ھەپتە يېتىپتىمەن» دەپ بىر ھازاغىچە گىڭشىلداپ بىقىپ ، ئاخىرى ئاستا پۇت - قوللىرىنى سۇنۇپ ، مەڭگۈگە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ .

كۆنۈكمە :

1 . تېكىستنى ئوقۇپ ، ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار :

1 ) پاشا قانداق قىلىپ ھەشەمەتلىك ، كاتتا باغقا كېلىپ قالدى ؟ ئۇنىڭ ھايات قېلىشىغا نېمە سەۋەب بولدى ؟

2 ) پاشا باغ ئىچىدە تۇرۇپ نېمىلەرنى ئويلىدى ؟

3 ) ئالما دەرىخى بىلەن پاشا ئوتتۇرىسىدا قانداق گەپ - سۆزلەر بولدى ؟

4 ) پاشىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولدى ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

5 ) بۇ مەسەلدىن نېمىنى چۈشەندىڭلار ؟ پاشىنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى قانداق ئادەملەرنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاتقىلى بولىدۇ ؟ سۆزلەپ بېرىڭلار .

2 . مەسەلنى تەپسىلىي ھالدا قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار .

3 . پاشا بىلەن ئالما دەرىخى ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگلارنى روللارغا بۆلۈنۈپ ئوقۇڭلار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 19. بىلىقچى بىلەن ئالتۇنبېلىق ھەققىدە چۆچەك

بىر زاماندا كۆك دېڭىزنىڭ ياقىسىدا،
ئۆزلىرىنىڭ پانا تاپقان كەپىسىدە،
ياشايدىكەن قېرى بوۋاي موماي بىلەن،
بۇ تۇرمۇشقا ئوتتۇز ئۈچ يىل بولاي دېگەن.
ئۇرچۇقىدا يىپ ئېگىرسە ئۆيدە موماي،
بېلىق ئوۋى قىلىدىكەن كۈندە بوۋاي.
بىر كۈن بوۋاي ئۆز تورىنى ساپتۇ سۇغا،
ئەخلەت - چۆۋا ئىلىنىپتۇ سالغان تورغا.
قايتا ساپتۇ ئۇ، تورىنى زور ئۈمىدتە،
سېسىق لاۋا ئىلىنىپتۇ ئاندىن بەتتەر.
سالغان ئىكەن ئۇ، تورىنى ئۈچىنچى رەت،
ئىلىنىپتۇ بىر تال بېلىق ئەمما ھەيۋەت.
ئانداق - مۇنداق بېلىق ئەمەس، ئالتۇنبېلىق،
يالۋۇرۇپتۇ شۇندا بېلىق تىلغا كىرىپ:
«رەھىم قىلىپ قويۇۋەتسەڭ بوۋاي مېنى،
مۇرادىڭغا يەتكۈزەتتىم مەنمۇ سېنى.

نېمە خالىساڭ بېرەر ئىدىم ساڭا شۇنى .»
ھودۇقۇپتۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بوۋاي ،
كالۋالىشىپ تىللىرىمۇ سۆز قىلالماي .
قىلسىمۇ ئۇ بېلىقچىلىق ئوتتۇز ئۈچ يىل ،
ئاڭلىمىغان پۈتۈلگەننى بېلىققا تىل .
بۇ بېلىقنى بوۋاي سۇغا قويۇپ بېرىپ ،
بىر - ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپتۇ كۆڭلى ئېرىپ :
«ھېچبىر نەرسەڭ كېرەك ئەمەس سېنىڭ ماڭا ،



كۆك دېڭىزدا ئەركىن ئۈزۈپ ئوينا يەنە.»
بېلىقچىغا رەھمەت ئېيتىپ ئالتۇنبېلىق،
خۇشال بوپتۇ ماكانىغا يېنىپ بېرىپ.
ھەيران بولۇپ بوۋاي ئاستا ئۆيىگە كەپتۇ،
بۇ ۋەقەنى مومىيىغا بايان قىپتۇ:
«بىر ئاجايىپ بېلىق تۇتقان ئىدىم موماي،
باشقا ئەمەس، ئالتۇنبېلىق ئىكەن ئايھاي.
توۋا! — دەيمەن، يالۋۇردى ئۇ زۇۋان پۈتۈپ،
ئۆز ئەركىگە مەندىن تازا ئۈمىد كۈتۈپ.
قىلىپ نالە، ئازاد قىلغىن مېنى، — دېدى،
خالىغانچە رازى قىلاي سېنى، — دېدى.
رەھىم كېلىپ قويۇپ بەردىم كۆك دېڭىزغا،
سورىمىدىم ھېچنەرسىمۇ ئۆزىمىزگە.»
شۇندا موماي بوۋاينى بەك جىملەپتۇ.
ئەقىلسىز سەن، ھاڭۋاقتى ھەم ساراڭ، دەپتۇ.
شۇنىڭدىنمۇ ئەپلەپ نەرسە ئالالماپسەن،
ھېچ بولمىسا بىرەر تەڭنە سورالماپسەن.
ئېسىڭدىغۇ تەڭنىمىزنىڭ چاك كەتكىنى،
تەڭنە بەرسۇن ۋەدىسىگە تۇرسا قېنى.
كەپتۇ بوۋاي كۆك دېڭىزغا ئويلا - ئويلاپ،
دولقۇنلىنار ئىدى دېڭىز قىرغاق يالاپ،

قىچقىرىپتۇ بىلىقنى ئۇ دەر گۇماندا ،
ئالتۇنبېلىق چىقىپ كەپتۇ دەل شۇئاندا :
«سورا بوۋاي تارتىنماستىن» دەپتۇ بېلىق ،
دەپتۇ بوۋاي خىجىل بولۇپ تەزىم قىلىپ :
— ئەي شاھ بېلىق ، رەھىم قىلغىن كەلدىم ساڭا ،
موماي قۇرغۇر ئازاب سالدى بۇگۈن ماڭا .
بىرەر يېڭى تەڭنە كېرەك ئىكەن ،
راستىن بىزنىڭ تەڭنىمىزمۇ يېرىق ئىكەن .
«قايغۇرمىغىن ، — دەپتۇ بېلىق ، — يانغىن بوۋاي ،
ئۆيۈڭلاردا يېڭى تەڭنە بوپمۇ قالار .»
ھېرىپ - ئېچىپ بوۋاي ئاستا ئۆيگە كەپتۇ ،
ئۆيىدە بىر يېڭى تەڭنە پەيدا بوپتۇ .
بىراق موماي يەنە قارغاپ بەرمەي ئارام :
«ھەي ئەخمەقەي ، ھەي ئالجىغان دىتسىز ساراڭ ،
شۇ تەڭنىمۇ سورىغىنىڭ بېرىپ ئاران ؟ !
بېرىپ چاپسان تەزىم قىلىپ ئۇ بېلىققا ،
تۇزۇككىنە ئۆي سورىغىن ھېچ بولمىسا .»
كۆك دېڭىزغا يەنە بوۋاي بارغان ئىكەن ،
دېڭىز سۈيى چايقىلىپ تۇرغان ئىكەن .
قىچقىرىپتۇ ئۇ بېلىقنى بوۋاي يەنە ،
شۇئان بېلىق پەيدا بوپتۇ سۇ يۈزىدە .

«سورا بوۋاي نېمە كېرەك يەنە ساڭا ؟ »
بوۋاي دەپتۇ تەزىم بىلەن قاراپ ئاڭا :
«رەھىم قىلغىن ئەي شاھ بېلىق ، ئۆزۈڭ ماڭا ،
موماي ئەخمەق بۇ بېشىمغا سالدى غوغا .
ئارام بەرمەي قويدى ماڭا قېرىغاندا ،
بىر ياخشىراق ئۆي سورايدۇ كەلدىم ساڭا . »
«قايغۇرمىغىن ، — دەپتۇ بېلىق ، — بار ئۆيۈڭگە ،
يېڭى ئۆيمۇ بولۇپ قالار مومىيىڭغا . »



بوۋاي ئاستا ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ ،
بىراق مۇندا كەپىدىن ھېچ ئىز قالماپتۇ .
كەپە ئورنىدا پەيدا بوپتۇ ھەيۋەت بىنا ،
نەقىشلىرى گۈزەل ئىكەن خويمىغىنا .
دوپ ياغاچلىق دەرۋازىسى زەپ ياراشقان ،
ئۆينىڭ ئىچى جاھازغىمۇ خېلى توشقان .
ئۆي ئالدىدا ئولتۇرغۇدەك موماي قاراپ ،
كۆرۈش بىلەن بوۋاينى ئۇ كەتتى قارغاپ :
«ھەي جىن ئالغۇر قېرى قاقباش ، ئەقىلسىز سەن ،
بېرىپ مۇشۇ بىر ئۆينىلا سوراپ كەپسەن .
ئەمدى زادى ئاددىي خوتۇن بولالمايمەن ،
ئېسىلزادە ئايىملىقنى مەن خالايمەن . »
يەنە بوۋاي كۆك دېڭىزغا بارغىنىكەن ،
دېڭىز سۈيى كۆپۈكلىشىپ تۇرغانىكەن .
قىچقىرىپتۇ سۇغا قاراپ بوۋاي يەنە ،
ئالتۇنبېلىق پەيدا بوپتۇ شۇ ئاندىلا .
«سورا بوۋاي نېمە كېرەك يەنە ساڭا ؟ »
بوۋاي دەپتۇ تەزىم بىلەن قاراپ ئاڭا :
«رەھىم قىلغىن شاھ بېلىق ئارتتى دەردىم ،
ۋالاقتەككۈر ئاچكۆز موماي ئاشتى ھەددىن .
سالدى جاپا بولدى ئەمدى كۈنۈم قىيىن ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاددي خوتۇن بولماسمىش ئۇ بۇندىن كېيىن ،
خالارمىش ئۇ خان ئايىملىق مەرتىۋىنى . »
ئالتۇنبېلىق ماقۇل كۆرۈپ تەلىپىنى ،
«بوپتۇ ، — دەپتۇ ، — كېتىۋەرگىن ئۆز يولۇڭغا ،
دېگىنىنى بېرەي يەنە خوتۇنۇڭغا . »
بوۋاي ئاستا ئۆز ئۆيىگە كېلىدىكەن .
هېچ بىلەلمەي ئەجەبلىنىپ قالىدىكەن .
هەيران بوپتۇ هەيۋەت ئۆيىنى كۆرۈپ بوۋاي ،



ئۆز كۆزىدە خوتۇننى ھېچ تونالماي .
تۇرغۇدەك ئۇ بەك ھەيۋەتلىك بىر ئايۋاندا ،
كېيگەنلىرى باشتىن ـ ئاياغ تاۋار ـ دۇردۇن .
ياقۇت بىلەن باش كېيىمى بېزىلىپتۇ ،
بويىندا مەرۋايىتلار نەچچە قۇردىن .
قوللىرىدا كۆزنى چاقار ئالتۇن ئۈزۈك ،
پۇتلىرىدا غىچىرلىغان قىزىل ئۆتۈك .
بېشىنى ئېگىپ خىزمەتچىلەر تۇرىدىكەن ،
گەر خالىسا موماي ئۇنى ئۇرىدىكەن .
«سالام ! ــ دەپتۇ كېلىپ بوۋاي قىلىپ تەزىم ،
تولدىمىكىن ئەمدى كۆڭلۈڭ خېنىم ئايىم ؟ »
دەرغەزەپتە موماي شۇئان ۋارقىراپتۇ ،
ھەم بوۋاينى ئات ئېغىلغا ھەيدەپ ساپتۇ .
قاتارلىشىپ ئۆتۈپ كېتىپ ھەپتە ۋە ئاي ،
يەنە ھەددىدىن ئېشىپتۇ ئۇ ئاچكۆز موماي .
بوۋاينى ئۇ قىچقارغۇزۇپ ئەكەلدۈرۈپ :
«ئېيتقىن ، ــ دەپتۇ شاھ بېلىقغا دەررۇ بېرىپ ،
خالىمايمەن ئايىملىقنا كۆپ تۇرۇشنى ،
كۆڭلۈم تارتتى سەلتەنەتلىك شاھ بولۇشنى ! »
بوۋاي ئاڭا ھەيران قېلىپ مۇنداق دەپتۇ :
«نېمە بولدۇڭ ، ئايىنىدىڭمۇ قانداق گەپ بۇ ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇرۇش-تۇرۇش ، سۆزلەشنىمۇ ھېچ بىلمەيسەن ،
پادىشاھلىق قىلىش شۇنداق ئوڭاي دەمسەن ؟ »
موماي شۇندا بوۋاينى كاچاتلاپتۇ ،
پۇتۇن ئۆينى باشقا كىيىپ ۋالاقلاپتۇ .
«ھەي رودىپاي ، سەن ماڭا سۆز ياندۇرامسەن ؟
مېنىڭدەك بىر خانزادىنى سەل چاغلامسەن ؟
ھازىر ماڭغىن ياخشىلىقچە دېڭىزغا سەن ،
ئۇنىمىساڭ ماڭغۇزىمەن كۈچۈم بىلەن . »
نائىلاج : خەير ، — دەپتۇ بوۋايدا غەم ،
كەلسە دېڭىز سۈيى ئاپتۇ قاپقارا رەڭ .
قىچقىرىپتۇ شۇندىمۇ ئۇ شاھ بېلىقنى ،
بېلىق چىقىپ دەپتۇ : «بوۋاي سۆزلە قېنى ،
يەنە قانداق ھاجىتىڭ بار سوراپ كۆرگىن . »
دەپتۇ بوۋاي : «ئەي شاھ بېلىق ، رەھىم قىلغىن ،
ياۋۇز موماي بۇ ھالىمنى قويمىدى ھېچ .
ئەمدى ئاڭا كىچىك كەپتۇ خانزادىلىك ،
ئەمدى ئۇنىڭ مۇددىئاسى پادىشاھلىق » .
ئالتۇنبېلىق جاۋابىدا ماقۇل كۆرۈپ ،
«قايغۇرمىغىن كۆرگىن بوۋاي ئۆيگە بېرىپ ،
كۆرۈپ باقسۇن مومىيىڭمۇ شاھلىق قىلىپ . »
ھەيران قاپتۇ كېلىپ ئۆيگە شۇندا بوۋاي ،

تۇرغۇدەكمىش كۆز ئالدىدا بىر شاھ ساراي .
ئۇلتۇرغۇدەك بۇ سارايدا موماي ھەيۋەت ،
بولۇپ قاپتۇ مىجەزىمۇ ئۇنىڭ بۆلەك .
ئاق سۆڭەكلەر ، بەگزادىلەر قىلىپ خىزمەت .
كەلتۇرۇلگەن ئالدىغا ھەرخىل نازۇ - نېمەت .
چۆرىسىدە تۇرىدىكەن كۆپ ساقچىلار ،
تۇتۇۋېلىپ قوللىرىغا ئاي پالتىلار .
بۇ ئەھۋالنى بوۋاي كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ ،
خوتۇنىغا تەزىم قىپتۇ باشنى ئېگىپ .
«قۇتلۇق بولسۇن خان ئاغىچام ، شاھلىقىڭىز !
ئەمدى تولۇق بولدىمىكىن خالىغىنىڭىز ؟»
ھېچ ئالماپتۇ نەزىرىگە موماي ئۇنى ،
ساقچىلارغا بۇيرۇپتۇ : «قوغلا بۇنى !»
بەگزادىلەر ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ،
بۇ دەرگاھتىن قوغلاپ ساپتۇ ئۇنى ئۇرۇپ .
باسالماستىن جىسەكچىلەر غەزىپىنى ،
تاسلا قاپتۇ چېپىۋېتىشكە بىچارىنى .
زاڭلىق ئارىلاش دەپتۇ خەقلەر بۇ بوۋايغا :
«شۇنداق قىلىش لازىم ئىدى ئەمدى ساڭا ،
لايىق ئىدى شۇنداق جازا ، شۇنداق ساۋاق ،
ئۇزاتمىدىڭ پۇتۇڭنى سەن يونقانغا قاراپ .»

كۆنلەر قوغلاپ بىر - بىرىنى ئۆتۈپتۇ ئاي ،
بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپتۇ ئۇ ئاچكۆز موماي .
ئاخىرىدا بوۋاينى ئۇ ، ئىزدىتىپتۇ ،
ساقچىلارمۇ ھايال قالماي كەلتۈرۈپتۇ .
بۇيرۇق قىپتۇ موماي يەنە ئۇنى كۆرۈپ :
«شاھ بېلىققا ئېيتقىن شۇنى ھازىر بېرىپ ،
ئەمدى مېنىڭ بۇ شاھلىقتىن تاۋىم ياندى ،
دېڭىزغىمۇ پادىشاھلىق قىلغۇم كەلدى .
ئوكيان ، دېڭىز بولسۇن مېنىڭ ھوقۇقۇمدا ،
ئالتۇنبېلىق بولسۇن مېنىڭ بۇيرۇقۇمدا .
چاكار بولۇپ خىزمەت قىلسۇن ئۆز ئالدىمدا .
ھەددىمۇ ئۇ — قانداق قىلسۇن بۇ بىچارە ،
كۆنمەسكە ئەمدى تاپالمىدى ھېچبىر چارە .
ئامالى يوق كۆك دېڭىزغا بوپتۇ راۋان ،
بارسا ئۇندا ئەۋج ئاپتۇ قارا بوران .
دولقۇنلىرى غەزەپ بىلەن گۈركىرەپتۇ ،
ئاللىقانداق چىرقىراپ ھەم ھۆركىرەپتۇ .
قىچقىرىپتۇ بوۋاي يەنە شاھ بېلىقنى ،
بېلىق چىقىپ دەپتۇ : «بوۋاي سۆزلە قېنى ،
ئېيتقىن يەنە نىمە كېرەك ئەمدى ساڭا ؟»
«رەھىم قىلغىن ، — دەپتۇ بوۋاي ، — يەنە ماڭا .

بۇ مومايدا ئىنساپتىن ھېچ ئىز قالمىدى ،
خالىمايمەن شاھلىقنى — دەپ غوغا سالدى .
ئۇ خالارمىش دېڭىزلارغا بولۇشنى خان ،
بارچە دېڭىز بولسۇن — دەيدۇ — ماڭا ماكان .
ئالتۇنبېلىق بولسۇن دەيدۇ بۇيرۇقۇمدا ،
چاكار بولسۇن ، دەيدۇ سېنى ، ھۇزۇرۇمدا .»
ئالتۇنبېلىق قايتۇرماستىن ھېچبىر جاۋاب .
قۇيرۇقىدا بىرلا ئۇرۇپ سۇنى چايقاپ ،
راۋان بوپتۇ بىرلا شۇڭغۇپ سۇ تېگىگە ،
قايتا يېنىپ ھېچبىر چىقماپتۇ سۇ يۈزىگە ،
تىنجىپ قاپتۇ ئاۋۋالقىدەك دېڭىز شۇئان ،
ھېچ بىلەلمەي قاپتۇ بوۋاي ئاڭا ھەيران .
ئۇزاق كۈتۈپ ئالالماپتۇ ھېچبىر جاۋاب ،
ئاخىر بولماي قايتىپتۇ ئۇ ئۆيگە قاراپ .
بوۋاي ئاستا مېڭىپ يېنىپ ئارقىسىغا ،
كېلىپ قاپتۇ بىر چاغدىكى كەپىسىگە .
ئولتۇرغۇدەك موماي غەمكىن بوسۇغىدا ،
تۇرغۇدەكمىش سۇنۇق تەڭنە بىر يېقىدا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆنۈكمە :

1 . بۇ شېئىرىي چۆچەكتە قانداق ۋەقە بايان قىلىنغان؟ پىششىق ئوقۇپ چىقىپ ، ۋەقەلىك تەرتىپىگە ئاساسەن ھېكايە قىلىپ بېرىڭلار .

2 . بۇ چۆچەك نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئۆز چۈشەنچەڭلار بويىچە سۆزلەپ بېرىڭلار .

3 . تېكىستنى روللارغا بۆلۈنۈپ ھېسسىياتلىق ھالدا ئۈنلۈك ئوقۇڭلار .

4 . تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار :

1 ) بوۋاي دېڭىزدىن نېمە تۇتۇۋالدى؟ قانداق قىلدى؟ نېمىشقا؟

2 ) موماي بۇ ئىشقا قانداق مۇئامىلىدە بولدى؟ قانداق تەلەپلەرنى قويدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ تەلىپى كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈۋەردى؟

3 ) موماي ئاخىرى نېمە بولماقچى ، نېمە قىلماقچى بولدى؟

4 ) بوۋاي بۇ ئىشلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولدى؟ تېكىستتىن مۇۋاپىق مىسرالارنى تېپىپ سۆزلەپ بېرىڭلار .

5 ) بوۋاي ئالتۇنبېلىقنى قانچە قېتىم ئىزدەپ باردى؟ ھەر قېتىم بارغاندا دېڭىزدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدى؟ مۇۋاپىق مىسرالارنى تېپىپ ، سېلىشتۇرما قىلىپ ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق تەسۋىرلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

6 ) مومايىنىڭ ئاخىرقى تەلىپى نېمە ئىدى؟ ئاقىۋىتى

قانداق بولدى ؟

5 . «ئالتۇنبېلىق قايتۇرماستىن ھېچبىر جاۋاب ، قۇيرۇقىدا بىرلا ئۇرۇپ سۇنى چايقاپ ، راۋان بوپتۇ بىرلا شۇڭغۇپ سۇ تېگىگە ، قايتا يېنىپ ھېچبىر چىقماپتۇ سۇ يۈزىگە .» دېگەن مىسرالاردا «ھېچبىر» ، «بىرلا» دېگەن سۆزلەر ئىشلىتىلگەن ، ئۇلارنىڭ قانداق رولى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈڭلار .

## VI ئاساسىي مەشىق

1 . تۆۋەندىكى «باللار» دېگەن شېئىرنى ھېسسىياتلىق ، ئۇنلۇك ئوقۇپ ، مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار ھەمدە يادلىۋېلىڭلار . بۇ شېئىردا باللار نېمىگە دەۋەت قىلىنىدۇ ؟

### باللار

ھەي باللار ، باللار ،
قىلغان ئىشى چاللار .
سىلەر ياخشى قارىماي ،
موزاينى چىڭ باغلىماي ،
بىللە يۈرەر كاللار .

هەي باللار ، باللار ،
قىلغان ئىشى چاللار .
ئويناڭلار ئىمدەپ ،
ئاڭلايسىلەر ئەمدى گەپ ،
بىلىپ قالسا ئانىلار .

كىلىپ بۇقا ئۇسۇپتۇ ،
موزاي ئارقان ئۈزۈپتۇ .
دىمەيمىز مۇ ھەممىمىز ،
شۇنداق بولسا ۋەدىمىز ،
گىپىمىز راست سانىلار .

بىز ئوقۇساق مەكتەپتە ،
يالغان ئىيتساق بەك سەت ـ تە .
قىزارمامدۇ يۈزىمىز ،
چىنىپ قىلىپ سۆزىمىز ،
ئەدەپسىز دەپ قارىلار .

ئۇنداق بولسا نىمە دەيلى ،
ئەپلىك چارە ئىزدەيلى .
ئانىلارنى ئالدىماي ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆڭلىمىزگە قارىماي ،
راستىنى دەيلى باللار .

شۇنداق قىلىپ باللار ،
قىلغان ئىشى چاللار .
ئۆيگە تېزدىن يېنىشتى ،
گۇناھىنى دېيىشتى ،
كەچۈرۈشتى ئانىلار .

2 . تۆۋەندىكى ھېكايىنى ئوقۇپ ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى قىسقا ، ئىخچام سۆزلەر بىلەن قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار .

## توشقان بىلەن ئۆردەك

توشقان ئەمگەكنى سۆيىدىكەن ، ئۆينى پاكىز سۈپۈرىدىكەن ، تېرىغان تۇرۇپ ، سەۋزىلىرىمۇ ناھايىتى ئوخشاپ ھەم چوڭ ، ھەم تاتلىق بولىدىكەن .

بىر كۈنى ئۆردەك ئۇنى يوقلاپ كەپتۇ . توشقان كۆكتاتلىقتا چىقىپ كەتكەنىكەن ، ئۆردەك ئۆيگە كىرىپ دۆۋىلەكلىك تۇرغان سەۋزىلەرنى كۆرۈپ ،

قىلچە تارتىنمايلا يېپىشكە باشلاپتۇ. قورسىقى راسا تويۇپتۇ، ئەمما توشقان تېخى قايتىپ كەلمەپتۇ. «سەۋزىدىن ئۆيگە ئازراق ئالغاچ كېتەيچۇ، توشقان بىلمەي قالار» دەپ ئويلاپتۇ ئۆردەك.

ئۆردەك لىق بىر سېۋەت سەۋزىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپتۇ، قورسىقى بەك تويۇپ كەتكەچكە، سېۋەتنى كۆتۈرەلمەي يېرىم يولدا قاپتۇ. ئۇ سەۋزىلەرنىڭ ئۈستىنى ئوت - چۆپ بىلەن يېپىپ قويۇپ، ئوتلاقنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇيغۇغا كېتىپتۇ.

توشقان كۆكتاتلىقتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئۆيدىكى سېۋەتنىڭ يولنىڭ چېتىدىكى ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ قاراپتىكەن، ئىش ئايان بوپتۇ.

توشقان سەۋزىلەرنى سېۋەتتىن ئېلىۋېتىپ، سېۋەتكە بىرنەچچە تاش سېلىپ، ئۈستىنى ئوت - چۆپ بىلەن يېپىپ قويۇپتۇ - دە، ئۆيىگە راۋان بوپتۇ.

ئۆردەك ئۇيقۇدىن ئويغانسا، كۈن ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ، ئۇ ئېغىر سېۋەتنى تەستە كۆتۈرگىنىچە، ئىككى يېنىغا ئىغاڭلاپ دەسسەپ ئۆيىگە مېڭىپتۇ.

ئۆيگە كېلىپ سېۋەتتىكى سەۋزىلەرنى تۆكۈپتۇ . هوي ! بۇ سېۋەتتىكى سەۋزىلەر قانداق قىلىپ تاشقا ئايلىنىپ قالدىكىنە ؟

ئەتىسى ئۆردەك كىچىك هارۋىنى سۆرەپ توشقاننىڭ ئۆيىگە مېڭىپتۇ . توشقان ئۇنى يىراقتىن كۆرۈۋېلىپلا مۆكۈنۈۋاپتۇ .

ئۆردەك ئىشىك ئالدىغا كېلىپ : «توشقانجان !» دەپ توۋلاپتۇ . جاۋاب بولمىغاندىن كېيىن خاتىرجەم ئۆيگە كىرىپ ، سېۋەتكە لىق سەۋزە قاچىلاپ ، هارۋىغا بېسىپتۇ . ئۇ كەينىگە قاراپمۇ قويماي هارۋىنى سۆرەپ مېڭىپتۇ .

شۇ ئارىدا توشقان هارۋىنىڭ كەينىدىن ئاستا ئەگىشىپ بېرىپ ، سەۋزىلەرنى چۈشۈرۈۋېلىپ ، ئورنىغا تاش قاچىلاپ قويۇپتۇ .

ئۆردەك ئۆيگە ئاز قالغاندا ، كۆڭلىدە : «سەۋزىلەر يەنە تاشقا ئايلىنىپ قالمىغاندۇ ، قاراپ باقايچۇ» دەپ ئويلاپتۇ . ئۇ هارۋىغا قارىغانىكەن ، ئاپلا ، سېۋەتتە يەنىلا لىققىدە تاش تۇرمامدۇ ! ئۇ بېشىنى قاشلاپ : «بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمىدۇ ؟» دەپ ئويلاپتۇ . ئويلا - ئويلا ئاخىرى ئۆز - ئۆزىگە : «هەي توغرا ، ئانام ماڭا ئوغرىلىغان نەرسە ئاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ ، دېگەندى . راست شۇنداق ئىكەن ئەمەسمۇ !» دەپتۇ .

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆردەك توشقاننىڭ سەۋزىسىنى ئوغرىلىمايدىغان بوپتۇ . ئۇ توشقاندىن ئۆگىنىپ ، كىچىككىنە بىر پارچە بوز يەرنى ئېچىپتۇ . توشقان ئۇنىڭغا ھەم يوغان ، ھەم تاتلىق بىر سېۋەت سەۋزە سوۋغات قىپتۇ . ئۆردەك بۇنىڭدىن ھەم تەسىرلىنىپ ، ھەم خىجالەت بولۇپتۇ . ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ قىزارغان ھالدا :

— بۇ سېۋەتنى مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىن ئېلىۋالغانىدىم ، ئەمدى سىزگە قايتۇرۇپ بېرەي ، دەپتۇ . توشقان كۈلۈپ كېتىپ :

— بىز بىللە ئەمگەك قىلايلى ، قانداق ؟ — دەپتۇ .

ئۆردەك خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بوپتۇ .

ئۇلار ئەمگەك جەريانىدا بىر جۈپ ئىناق سەمىمىي ، ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ .

3 . تۆۋەندىكى جۈملە شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ ، جۈملە تۈزۈڭلار .

1 ) ئۆردەك بۇنىڭدىن ھەم تەسىرلىنىپتۇ ، ھەم

خىجالەت بوپتۇ .

... ھەم ، ... ھەم ...

2 ) بۇ يىل يازلىق تەتىلدە دادام مېنى ياكى قەشقەرگە ، ياكى غۇلجىغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىمەن ، دەيدۇ .

... ياكى ، ... ياكى ...

4 . سىنىپ بويىچە چۆچەك ياكى مەسەل سۆزلەش يىغىنى ئېچىڭلار . ئۆزۈڭلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان چۆچەك ياكى مەسەلنى ھېسسىيات بىلەن قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەڭلار .

5 . دەرسلىكنىڭ بېشىدىكى بۇ كۆنۈكمە ئۈچۈن بېرىلگەن رەڭلىك رەسىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ قىسقا بىر ساياھەت خاتىرىسى يېزىڭلار .

[illegible]

2002. 4. 16.

1. ۋاقىت

2. ئورۇن [illegible]

3. قاتناشقۇچىلار 4 - 1 سىنىپ [illegible]

4. مەزمۇنى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 20 . ئەمگەك ــ ئەڭ لەززەتلىك

ئەمگەك ــ ئەڭ لەززەتلىك ئىش . ئەمگەك قىلىپ ، ئىشلەپ ئۇنىڭ بەدىلىگە ھېيت ـ بايرام ئۆتكۈزسەك ، خۇشاللىق ئۇستىگە خۇشاللىق قوشۇلىدۇ . تېخىمۇ لەززەتلىك سېزىلىدۇ .

تېخى بالا ۋاقىتلىرىم ئىدى ، ئائىلىمىز نامرات بولغاچقا ، ئاپام يىل بويى تىنماي خەقلەرنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ ياكى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تىكىپ ئاز ـ تولا پۇل تاپاتتى . ھەدەم بىلەن مەنمۇ بىكار تۇرمايتتۇق . ئاپام كىر يۇسا سۇ ئەكىلىپ ، يۇندى تۆكۈپ ، كىرلەرنى يېيىپ ياكى قۇرۇغان كىرلەرنى قاتلاپ بېرەتتۇق ؛ كىيىم تىكسە دەزمالغا ئوت سېلىپ قىزدۇرۇپ ئەكىلەتتۇق ؛ ئىشقىلىپ بىكار تۇرمايتتۇق . مەن يەنە كۇچۇكۇمنىڭ قورسىقىنى تويغۇزاتتىم ، ئۆيلەرنى سۇپۇرەتتىم ، تاماق ئېتەتتىم . ئۆينىڭ ئىشلىرىنى مەن ئۇستۇمگە ئالغاچقا ، ئاپام بىلەن ھەدەم خېلى كۆپ ئىشلارنى قىلىۋالاتتى ، ئىشنى قانچە كۆپ قىلساق ،

كىرىمىمىزمۇ خېلى كۆپ بولاتتى . مەن ھېيتنى ئۇبدان ئۆتكۈزەلەيدىغان بولدۇق دەپ ئىچ - ئىچىمدىن خۇشال بولاتتىم !

ھېيتقا ئاز قالدى ، تىكىدىغان كىيىملەرنى تىكىپ بولدۇق ، كىرىمىمىز چەكلىك بولغاچقا ، بەكمۇ باياشات ھېيت قىلالمايمىز . لېكىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى — ئۆينى ئاقارتىپ ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى سۈرتۈش ، ھېيتلىق ساڭزا پىشۇرۇش ، قوي سويالمىساقمۇ بازاردىن ئازراق گۆش ئەكىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىپ قويدۇق . باي ئائىلىلەرگە سېلىشتۇرغاندا بىزنىڭ تەييارلىقىمىز ناھايىتى «بىچارە» دەك كۆرۈنگىنى بىلەن ، ئۆزىمىز ئىنتايىن خۇشال ئىدۇق .

بىز ، ئەلۋەتتە ، خۇشال بولىمىز - دە . چۈنكى بۇ نەرسىلەرنى ئۆزىمىز ئىشلەپ تاپقان ھالال پۇلغا سېتىۋالدۇق . مەن ھېيت كۈنى ئاپامغا ، «ئاپا ، سېلىم بايلار يوغان كالا سويۇپتۇ» ياكى «ھاشىم ئاكاملار قوي سويۇۋاتىدۇ» دەپ كەلسەم ، ئاپام ھامان بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ : «بالام ، بىز قوي- كالا سويالمىغان بولساقمۇ ، لېكىن قازىنىمىزدا ئازراق بولسىمۇ گۆش قايناۋاتىدۇ ، ئۇ ھەممىدىن

تاتلىق » دەيتتى . مەن نېمە ئۈچۈن پۈتۈن سويغان يوغان قوي ، كالىنىڭ گۆشىدىن ئۆز قازىنىمىزدىكى كىچىككىنە گۆشنىڭ تاتلىق بولىدىغانلىقىنى بىلمەي ھەيران بولاتتىم . ئەمدى ئاپامنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم . شۇنداق ، بىز ئوغرىلىق ۋە جازانخورلۇق قىلمىدۇق ؛ خەقلەرنى ئالداپ قاقشىتىپ ، ئاز ئىشقا كۆپ ھەق ئالمىدۇق ، ئۆزىمىز قىلغان ئەمگىكىمىزنىڭ ھالال ھەققىگە ھېيتلىق گۆش ۋە تاتلىق - تۈرۈملەرنى ئېلىپ ھېيت قىلىۋاتىمىز ، بۇ ، ئەلۋەتتە ، تاتلىق - تە ، ئاشقازىنىمىزمۇ راھەتلىنىپ كېتىدۇ - دە .

ئەمگەك — بىز كەمبەغەللەرنى جىگەرلىك ، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان قىلىپ چىقتى . بىز ئاشۇ زۇلمەتلىك كۈنلەردە ئۆز ئەمگىكىمىز ئارقىلىق جېنىمىزنى ئەپلەپ - سەپلەپ باقتۇق . ئەمگەك قىلمىغان بولساق ، ھايات قالالاتتۇقمۇ؟ بۈگۈنكى بەختىيار كۈنلەرنى كۆرەلەيتتۇقمۇ؟ ئاپامغا مىڭ رەھمەت ، ئۇ ئەمگەكچان ، كۆيۈمچان ئايال ئىدى . ئۇ ، پۇت - قولۇڭلار بىكار تۇرمىسىلا ، ئاچ قالمايسىلەر ، ھال - كۈنۈڭلار كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىدۇ ، دەپ بىزدە ئەمگەككە ، مۇھەببەت

ئويغانقان .

( مەن شۇنداق ھېسسىياتقا كەلدىمكى : ئەمگەك ئادەمدە ئەستايىدىل پوزىتسىيە ، قەتئىيلىك ، تەلەپچانلىقنى كۈچەيتىدىكەن . ھەرقانداق ئىشنى قول ئۈچىدىلا ئەمەس ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەشكە ئۈندەيدىكەن . ئەمگەك قىلساڭلا ، ئۇ سېنى نا ئۈمىد قويمايدىكەن ، ساڭا بەخت ئېلىپ كېلىدىكەن . ئەمگەك — ھىيلىگەرلىكنى ، ساختىپەزلىكنى ، ھۇرۇنلۇقنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدىكەن . شۇڭا ئۇ ئادەمنى جاسارەتلىك قىلىپ ئۆزگەرتىدىكەن .

كۆنۈكمە :

1 . تېكىستنى ئىچكىلاردا ئوقۇڭلار ۋە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار :

1 ) ئاپتور تېخى بالا ۋاقىتلىرىدىلا ئائىلىسى بىلەن بىللە ئاشۇنداق ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى . ئۇ قانداق ئەمگەكلەرنى قىلدى ؟

2 ) ئاپتورنىڭ ئاپىسى نېمە ئۈچۈن ، «بىز قوي - كالا سويالمىغان بولساقمۇ ، لېكىن قازىنىمىزدا ئازراق بولسىمۇ گۆش قايناۋاتىدۇ ، ئۇ ھەممىدىن تاتلىق» دەيدۇ ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3 ) ئاپتور يۇقىرىدىكى گەپنىڭ مەنىسىنى قاچان چۈشەندى ؟ قانداق چۈشەندى ؟

4 ) ئاپتور ئەمگەك ھەققىدە قانداق ھېسسىياتقا كەلدى ؟ قايتا - قايتا ئوقۇپ يادلىۋېلىڭلار .

2 . تېكىستنى ئابزاسلارغا بۆلۈڭلار ، ھەر بىر ئابزاسنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىڭلار . ئاخىرىدا پۈتۈن تېكىستنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئېيتىپ ، نېمە ئۈچۈن «ئەمگەك ئەڭ لەززەتلىك» ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈڭلار .

3 . ئۆز ئۆيۈڭلاردا قانداق ئەمگەكلەرنى قىلغىنىڭلارنى تەرتىپلىك قىلىپ يېزىپ كېلىڭلار .

# 21 . يېرىم كېچىدە چىللىغان توخۇ

كەچ كىرىپ ، خېلى قاراڭغۇ چۈشكەندى . جۇ زالىمغا ئىشلەيدىغان مەدىكارلار ئىشلەپ ھېرىپ كەتكەنلىكىدىن ھېچ ھالى قالمىغان ھالدا ئىپتىزلىقتىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلاردىن قايسىدۇ بىرى :

— ئەجەبمۇ ئۇيقۇ كەلدى ! — دېدى ئۇھ تارتىپ .

— ھېلىقى شۇم خورازنى دەيمەن ! كەچمۇ بولىدۇ ، كۆزۈڭ ئەمدىلا ئۇيقۇغا بېرىشىغا چىللايدۇ . جۇ زالىممۇ تازا ئىنسابسىز نېمىكەن ، توخۇمۇ چىللايدۇ ، بىزنى تۇۋلاپ تاغقا قوغلىغان ، تاغقا بېرىپ يېرىم كۈنچە ئىشلىسەكمۇ يەنە تاڭ ئاتمىغان ! — دەپ تىللاپ كەتتى يەنە بىرى .

يەنە كىمدۇ بىرى :

— توخۇسىمۇ ئىگىسىگە تارتىپتىكەن . پۇل بايغا ئاقىدۇ ، سۇ سايغا دېگەن شۇ - دە . راستىنلا ئۇنىڭ پېشانىسى ئوڭ ئىكەن ! — دېدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— پېشانىسى ئوڭمىش !؟ توخۇلار بۇرۇن مۇنچە سەھەر چىللاشمايتتى ، ئەجەب ئەمدى سەھەر چىللايدىغان بولۇپ قاپتىغۇ؟ بۇنىڭدا زادى بىر گەپ بار ، قاراپتۇر ، ئاشۇ خورازنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام ! — دېدى ليۇ ۋەنجۇڭ .

مەدىكارلار كۆپرەك ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن ، تامىقىنى يەپلا يېتىپ قېلىشتى .

يۈيباۋنىڭ شۇ كۈنلەردە ئىچى سىرۇپ قالغانىدى . ئۇ يېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا تەرەتكە چىقتى ، ئۇ ، تەرەتتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ، قولىغا ئۇزۇن تاياق تۇتقان ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ توخۇ كاتىكىگە قاراپ كېلىۋاتقان بىرىنى كۆرۈپ قالدى . ئاي قاراڭغۇسى بولغانلىقتىن ئۇنىڭ كىملىكىنى تونۇغىلى بولمىدى . يۈيباۋ : «بەلكىم توخۇ ئوغرىلىغىلى كەلگەن بىرىدۇر ، ۋارقىراي» دەپ ئويلىدى . يەنە تۇرۇپ «ئاۋازىمنى چىقارماي ، توخۇلارنى ئوغرىلاپ كەتسە ، چىللايدىغان توخۇمۇ يوق ، بەلكىم بىزمۇ كۆپرەك ئۇخلايدىغان بولارمىز» دەپ ئويلاپ تۇراتتى . ھېلىقى ئادەم بويىنىنى سوزۇپ قولى بىلەن بۇرنىنى توسۇۋالغاندەك قىلدى . يۈيباۋ ئىچىدە : «ئېھتىيات قىل ! جۇ زالىم ئاڭلاپ

قالمىسۇن ، تۇتۇۋالسا يامان قىلىدۇ » دەپ ئەنسىرىدى . يەنە توخۇ ئوغرىلىغىلى كەلگەن كىشىنى چۆچۈتۈۋەتمەي دېگەن ئويغا كېلىپ قوتانغا ئاستاغىنا مۆكۈۋالدى . ھېلىقى ئادەم بىر پەستىن كېيىن خورازنى دوراپ چىللىدى . يۇيباۋ ھەيران بولۇپ تۇراتتى . بايىقى ئادەم مال قوتىنىغا كىرىپ كەلدى . يۇيباۋ دەرھال سامانلىقتا مۆكۈۋالدى . ھېلىقى ئادەم ئوقۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئوقۇردا ئوت بارمۇ - يوق دەپ شارتلا قىلىپ سەرەڭگە ياقتى . يۇيباۋ سەرەڭگە يورۇقىدا ئۇنى كۆرۈۋالدى-دە ، «ۋاھ ! بۇ جۇ زالىمنىڭ ئۆزىغۇ ؟ نەدە يېرىم كېچە بولماستىن توخۇ چىللىسۇن ، زادى بۇ قېرى ئەبلەخنىڭ ھىيلىسى ئىكەن ؟ » دېدى ئىچىدە .

جۇ زالىمنىڭ بۇ چىللىشىغۇ مەيلى ، كاتەكتىكى توخۇلار ، ھەتتا كەنتتىكى توخۇلارمۇ تەڭلا چىللاپ كەتتى ، يۇيباۋنىڭ بۇ ئىشقا ئىنتايىن قورسىقى كۆپكەن بولسىمۇ ئۇنچىقماي تۇراتتى . جۇ زالىمنىڭ يەنە كانىيى يىرتىلغىچە ۋارقىرىغانلىقى ئاڭلاندى .

— تېخىچە يېتىشامسەن ، چىقىشامسەن تاغقا ؟ توخۇ چىللىدىغۇ !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ ۋارقىرىغان پېتى ئۇخلاش ئۇچۇن ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

يۇيباۋ ياتىقىغا قايتقىنىدا ، ھەمراھلىرى ئاچچىقلىنىپ :

— ھەي نەس توخۇ ! بالدۇرمۇ چىللىمايدۇ ، كېيىنمۇ قالمايدۇ . كۆز ئۇيقۇغا بېرىشىغىلا چىللايدۇ ! بۇ توخۇنى زادىلا توخۇ دېگىلى بولمايدۇ ! — دېيىشىۋاتاتتى .

ليۇ ۋەنجۇڭ :

— توخۇ دېگىلى بولمىسا ، نېمە دېيىش كېرەك ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۇ جان ئالغۇچى ئەزرائىل ! يەنە مۇشۇنداق ئىشلەۋېرىدىغان بولساق ، ئاز كۈندىلا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز !

يۇيباۋ بولسا بۇ جۇ زالىمنىڭ قىلىۋاتقان ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى تېخى بۇلار ئۇقمايدۇ دەپ :

— مېنىڭ ئىشىم ئازىيىپتۇ ، كىيىمىنىمۇ سالمىغانىدىم .

ھەممەيلەن ئالدىراپ - تېنەپ كىيىملىرىنى كىيىپ ، جوتۇلىرىنى مۈرىسىگە ئېلىپ ، تاغقا قاراپ يول ئېلىشتى . يول ئۈستىدە :

يوٗيباۋ كوٗلوٗپ قويۇپ ، كىچىك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ :

— تاغىلار ، سىلەر ئەمدى توخۇنى تىللىماڭلار ، ئەيىب توخۇدا ئەمەس ، ئادەمدە ئىكەن ! — دېدى .

ھەممىسى ئەجەبلىنىپ سوراشتى :

— نېمە ئىش بولدى ؟

يوٗيباۋ جوٗ زالىمنىڭ توخۇنى دوراپ چىللىغانلىقىنى كۆپچىلىككە تولۇق ئېيتىپ بەردى . كۆپچىلىك بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، ئەسلىدە جوٗ زالىم جېنىمىزنى ئالماقچى ئىكەن - دە ، دېيىشتى .

لىيوٗ ۋەنجوٗڭ بوٗنى ئاڭلاش بىلەنلا غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ :

— بوٗگوٗن كېچە ئىشلىمەي ، ئېتىز بېشىغا بېرىپ ئۇخلايمىز ، — دېدى . كۆپچىلىك ھەممىسى بۇ پىكىرگە قوشۇلدى .

ئۇلار ئېتىز بېشىغا بېرىپ ، جوتۇلىرىنى قويۇشتى - دە ، بىرەر چېكىمدىن تاماكا چېكىشىپ ، داق يەردە قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى . بۇلار شۇنداق ھارغانكى ، شۇنچە سوغۇق شەبنەم ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەن بولسىمۇ ، سەزمەستىن ئۇخلاۋەردى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەدىكارلار ئېتىزلىقتا راسا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا تاياق تەگكەندەك بولدى. قارىسا جۇ زالىم تايىقى بىلەن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ بىر باشتىن ساۋىغىلى تۇرۇپتۇ. كۈنمۇ نەيزە بويى ئۆرلىگەنىكەن. جۇ زالىم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— سەنلەر مېنىڭ ئېشىمنى يەپ، ئاشلىقىمنى ئېلىپ، قىلغان ئىشلىرىڭ شۇمۇ؟ ئىش قىلمايزە، بۇ يەرگە كېلىپ ئۇخلىشىسەن، بۇگۈن چۈشتىن بۇرۇن مۇشۇ بىر پارچە يەرنى يۇمشىتىپ بولۇشمايدىكەنسەن، ئېشىمغا ئېغىز تەگكۈزمەن دېگۈچى بولۇشما! — دېدى. كېيىن ئارقىدا تۇرغان پادىچىغا قاراپ: — كۆتەر بۇ ئاشنى، ئۆيگە ئېلىپ ماڭ! — دېدى.

ئەسلىدە جۇ زالىم ئەتىگەن تۇرغانىدى. مەدىكارلارنىڭ تېخىچە تاماققا كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ: «مەدىكارلار ئىشلەۋاتسا كېرەك. ئۇلارغا تاماق ئەۋەتىپ بېرەي، ئۇلار ئېتىزدىلا يېسۇن، بۇ يەرگە كېلىپ كەتكۈچىلىك بىرمۇنچە ۋاقىت ئۆتىدۇ، بۇ ئارىلىقتا ماڭا ئىشلەپ بەرسە پايدا ئەمەسمۇ» دېگەن ئويغا كەلدى - دە، كوچىغا چىقىپ، مەھەللىدىكى پادىچى لاۋلىيۇنى تاپتى.

ئۇنىڭغا تاماقنى كۆتۈرتۈپ تاغقا ماڭغاندا بۇ ئىشلارنى ئويلىمىغانىدى . ئىچىمىزغا كىلىپ قارىسا ، ئەھۋال باشقىچە ، مەدىكارلار بىر ئازمۇ ئىشلىمەستىن ئۇخلاۋاتقان . شۇ يەردىن ئاچچىقىدا ئاشنىمۇ بەرمەستىن يەنە لاۋلىيۇغا كۆتۈرتۈپ قايتۇرۇۋەتتى ، لاۋلىيۇ كەتكەندىن كىيىن ، ئۇ يەنە بىر قۇر تىللىۋىلىپ ئاندىن قايتتى .

مەدىكارلار جۇ زالىمنىڭ ئۇرۇپ - تىللاپ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تاماقنىمۇ بەرمەي كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ، بەزىلىرى ئاچچىقىدا بۇنىڭدىن كىيىن ھەرگىز ئىشلىمەسلىككە قارار قىلدى ؛ بەزىسى بىرىپ ئۇنىڭ بىلەن ھىسابلاشماقچى بولدى ؛ يەنە بەزىسى ئۆيىگە قايتماقچى بولدى .

يۇيىباۋ كۈلۈپ ئۇلارنى توختاتتى :

— تاغىلار ، مىنىڭچە بولغاندا كەتمەڭلار ، مىنىڭ مۇنداق بىر ئويۇم بار . بىز ئۇ قىرى زالىمنى بىر ئۇرۇپ ، قورساق كۆپۈكىمىزنى چىقىرىۋالايلى .

— يۇيىباۋ ، سەن بالا ئەخمەقمۇ - نىمە سەن ؟ ئۇنىڭ پۇلى بار ، كۈچى بار ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بالىسى باۋ جاڭ ، ھازىر ئۇ ئىككىنچى پادىشاھ تۇرسا ، بىز قانداقمۇ ئۇنىڭغا قول تەگكۈزەلەيمىز ؟

— تاغىلار، مەن ئەخمەق بولۇپ قالغىنىم يوق، — دەپ ئۆزىنىڭ ئويىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى ۋە ئۇنىڭغا بىر ساۋاق بېرىپ قويمايمىز مۇ؟ — دېدى.

ھەممىسى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ، كۈلۈشۈپ كېتىشتى:

— ماقۇل، شۇنداق قىلايلى.

ليۇ ۋەنجۇڭ كۈلۈپ:

— قولىدىن ئىش كېلىدىغان شا كىچىكتەبۇ! — دېدى.

ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەدىكارلار تاياق - توقماقلىرىنى تەييارلاپ قويۇشتى. كەچكى تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن چىراغنى ئۆچۈرۈشتى. يۇيباۋنى ئىشىك تۈۋىدە قارىتىپ قويدى. بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن جۇ زالىم ئاۋايلاپ دەسسەپ توخۇ كاتىكىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە، يۇيباۋ:

— ۋاي ئوغرى! — دەپ ۋاقىرىدى.

مەدىكارلار قوللىرىغا تاياق - توقماقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ چىقىپ، جۇ زالىمنى بېسىپ ئۇرغىلى تۇردى. جۇ زالىم:

— ئۇرماڭلار ، ۋاي مەن ! — دەپ ۋارقىرىدى .

— ھە زادى سېنى ئۇرۇۋاتىمىز . ئىككىنچى توخۇ ئوغرىلىغىلى كېلىپ باق قېنى !

يۇيىباۋ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ :

— باۋ جاڭ بېگىم ، چاققان بولسىلا ، ئوغرى كەلدى ! بىز ئوغرىنى تۇتۇۋالدۇق ! — دەپ ۋارقىرىغىلى تۇردى .

بۇگۇن باۋ جاڭ ئۆيدە يوق ئىدى ، باۋ جاڭنىڭ خوتۇنى ۋە ئوغلى تاۋچى ئۆيدە تۇرۇپ بۇ ۋەقەنى ئاڭلىدى ۋە ئۇلار ئالمان - تالمان يۈگۈرۈپ چىقىشىپ :

— ئۇرماڭلار ، ئۇ خوجايىن ئىدى ، — دەپ ۋارقىرىدى .

مەدىكارلار ئۇرۇشتىن توختىشىپ :

— خوجايىن ھېچقاچان توخۇ كاتىكىنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەيدىغانغۇ ، قانداق بولۇپ يېرىم كېچىدە توخۇ تۇتماقچى بولۇپ قالدىكىنە ، چاققانراق چىراغ ئېپچىقايلى ! — دېيىشتى .

تاۋچى ئۆيدىن چىراغ ئېلىپ چىقتى ، ھەممىلەن قارىسا جۇ زالىم خۇددى تاغدىكى قىرغۇلدەك «قۇيرۇقۇمنى بۆرە يېسە - يېسۇن ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆزۈم كۆرمىسۇن» دېگەندەك بېشىنى كاتەككە تىقىۋېلىپ، خۇددى توخۇ پوقىنى يەۋاتقاندەك يېتىپتۇ. كۆپچىلىك ئۇنى تارتىپ چىقىرىشقىنىدا، باش - كۆزى پۈتۈنلەي توخۇ پوقى بولۇپ كېتىپتۇ. مەدىكارلار خۇشاللانسىمۇ، لېكىن كۈلۈشكە پېتىنالمىدى.

ليۇ ۋەنجۇڭ:

— بىز ھەممىمىز ئوغرى دەپ ئويلاپتىمىز، ئاۋارە بولغىنىمىز قاپتۇ، خوجايىن ئىكەنغۇ-بۇ، — دېدى.

— بولدى قويۇڭلار، مەن ئۆيدە بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتاتتىم، نېمە مېنى بۇ يەرگە سۆرەپ چىقتىڭلار - تاڭ.

جۇ زالىمنى پالاكەت باسقانلىقىدىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ۋە ئارتۇقچە ھېچ نەرسە دېيەلمىدى.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار، ئاندىن مۇزاكىرە قىلىڭلار.

1) يۇيباۋ جۇ زالىمنىڭ يېرىم كېچىدە خورازنى دوراپ

چىللىشىنى قانداق بايقاپ قالدى ؟

2 ) جۇ زالىم نېمە ئۈچۈن يېرىم كېچىدە خورازنى دوراپ چىللايدۇ ؟

3 ) مەدىكارلار جۇ زالىمنىڭ ئەدىپىنى قانداق بەردى ؟

2 . تېكىستنى ئابزاسلارغا بۆلۈپ ، ھەرقايسى ئابزاسنىڭ مەنىسىنى ۋە پۈتۈن تېكىستنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار .

## بىرىنچىدىن ، ھەقىقىي ، ئىككىنچىدىن ، كونكرېت بولۇش كېرەك

«ئەمگەك ــ ئەڭ لەززەتلىك» دېگەن تېكىست بەكمۇ ياخشى يېزىلغان ، ئوقۇغانسېرى ھەربىر جۈملىسى شۇ قەدەر يېقىملىق ، شۇ قەدەر كۆڭۈلگە ياقىدۇ . نېمىشقا شۇنداق ھېسسىياتقا كېلىمىز ؟ چۈنكى ئاپتور ئۇنىڭدا ، راستچىل ، ھەقىقىي بولۇش ، يالغان گەپ قىلماسلىق ؛ كونكرېت بولۇش ، قۇرۇق گەپ قىلماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرغان .

ئاپتور ئالدى بىلەن ، «ئەمگەك ــ ئەڭ لەززەتلىك ئىش . ئەمگەك قىلىپ ، ئىشلەپ ئۇنىڭ بەدىلىگە ھېيت ـ بايرام ئۆتكۈزسەك ، خۇشاللىق

ئۇستىگە خۇشاللىق قوشۇلىدۇ ، تېخىمۇ لەززەتلىك سېزىلىدۇ » دەپ ئۆز تەسىراتىنى بايان قىلىدۇ . بۇ تەسىراتىنى ئاپتور قايسى پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ ؟ بۇ پاكىتلار نېمە ئۇچۇن شۇ قەدەر قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ؟

ئاپتور بىرگە ، كىچىك ۋاقتىدا ئانىسى ، ھەدىسى ۋە ئۆزىنىڭ قانداق ئەمگەك قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ . ئاپىسىنىڭ ئەمگىكى (كىر يۇيۇش ، كىيىم تىكىش ) ، ھەدىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئەمگىكى (سۇ توشۇش ، يۇندى تۆكۈش ، كىرلەرنى يېيىش ۋە يىغىۋېلىش ، دەزمالغا ئوت سېلىش ، ئۆي تازىلاش ، تاماق ئېتىش قاتارلىقلار ) نى ، ئىشقىلىپ بىر ئائىلىنىڭ بىكار تۇرمايدىغانلىقىنى شۇنچە ھەقىقىي ، شۇنچە كونكرېت يازىدۇ . بىر ئائىلىلىك يىل بويى تىنماي ئەمگەك قىلسىمۇ ، ھېيتنى قانداق ئۆتكۈزىدۇ ؟ ئاپتور قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بىرمۇبىر ساناپ ، باي ئائىلىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى «بىچارە» دەك كۆرۈنگىنى بىلەن ، ھېيتنى ناھايىتى ياخشى ئۆتكۈزگەنلىكىنى بەكمۇ ھەقىقىي ، بەكمۇ كونكرېت يازىدۇ .

ئاپتور باي ئائىلىلەرگە سېلىشتۇرغاندا

«بىچارە» دەك كۆرۈنگەن ھېيتىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى، نېمىشقا شۇ قەدەر لەززەتلىك سېزىلگەنلىكىنى مۇنۇ ئۈچ جەھەتتىن بايان قىلىدۇ: بىرىنچىدىن، ھېيتلىق نەرسىلەرنى ئالغان پۇل ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى، يەنى ھالال پۇل؛ ئىككىنچىدىن، ئەمگەك ئۇلاردەك كەمبەغەللەرنى جىگەرلىك، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان قىلىپ يېتىلدۇرگەن؛ ئۈچىنچىدىن، ئەمگەك ئادەمدىكى ئەستايىدىل پوزىتسىيە، قەتئىيلىك، تەلەپچانلىقنى كۈچەيتكەن. بۇ ئۈچ جەھەت پاكىتلار ئارقىلىق ناھايىتى ھەقىقىي، راستچىللىق بىلەن كونكرېت يېزىلغان.

بۇ ئۈچ جەھەتنى ھەقىقىي تۈردە كونكرېت سۆزلەپ بېرىش ئانچە ئاسان ئەمەس. ئاپتور ئاپىسىنىڭ «بىز قوي ـ كالا سويالمىغان بولساقمۇ، لېكىن قازىنىمىزدا ئازراق بولسىمۇ گۆش قايناۋاتىدۇ، ئۇ ھەممىدىن تاتلىق» دېگەن سۆزىدىن پايدىلىنىپ، «ھالال ئەمگەك، ھالال پۇل» بەدىلىگە كەلگەن لەززەتنى يازىدۇ؛ ئاپتور زۇلمەتلىك كۈنلەردىكى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمگەكلەر ۋە ئاپىسىنىڭ «پۇت - قولۇڭلار بىكار تۇرمىسىلا، ئاچ قالمايسىلەر، ھال - كۈنۈڭلار كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىدۇ» دېگەن سۆزىدىن پايدىلىنىپ، قانداق قىلغاندا «جىگەرلىك، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان» بولۇپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى يازىدۇ؛ ئاپتور ئەمگەك ھەققىدىكى بىۋاستە ھېسسىياتىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ئەمگەك ئادەمدە ئەستايىدىل پوزىتسىيە، قەتئىيلىك، تەلەپچانلىقنى يېتىلدۈرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى، ئاخىرقى ھېسابتا بەخت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى يازىدۇ. بارلىق ھەقىقىي ئوي - پىكىرلەر ۋە كونكرېت پاكىتلار ئارقىلىق بىز ئەمگەك قىلغاندا ھېيت - ئايەم، بايراملارنى ياخشى ئۆتكۈزگىلى بولىدىكەن، ئەمگەكنىڭ لەززىتىنى تېتىغىلى بولىدىكەن، دېگەن قاراشقا كېلىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى، ئەمگەك ئادەمنى جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن تاۋلاپ، جاسارەتلىك قىلىدىكەن، بۇ ئەمگەكنىڭ ئەڭ لەززەتلىك تەرىپى، دېگەن تونۇشقا ئىگە بولىمىز.

ھەقىقىي بولۇش، راستچىل بولۇش، كونكرېت بولۇش، يالغان گەپ قىلماسلىق، قۇرۇق گەپ

قىلماسلىق ، مانا بۇلار بىر پارچە ماقالىنى ياخشى يېزىشتا قويۇلىدىغان ئەڭ ئاساسىي تەلەپتۇر .

## VII ئاساسىي مەشىق

1 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە دىققەت قىلىڭلار ، ئۇلاردىن خالىغان ئىككى سۆزنى تاللاپ ، ئاغزاكى جۈملە تۈزۈڭلار .

1 ) خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ، ئۇ ياش هاياتىنى تەقدىم قىلدى .

2 ) ساۋاقداش ئەخمەتكە ياردەم بېرىش مەسىلىسىدە ، ئوتتۇرا ئەترەت بويىچە يىغىن ئېچىلماقچى .

3 ) كۆپچىلىك ساۋاقداشلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ، ئەتە ئارغامچا تارتىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىمىز .

4 ) تەتىل جەريانىدا ، دەرستىن سىرتقى كىتابلارنى ئوقۇغاندىن تاشقىرى ، بەدىنىمنى ئوبدان چېنىقتۇرىمەن .

2 . تۆۋەندىكى هەربىر گۇرۇپپىدىكى سۆزلەرنى ئاۋۋال ئوقۇڭلار ، ئاندىن رېتى بويىچە رەتلەپ يېزىڭلار .

چۈش ، كەچقۇرۇن ، سەھەر ، ئەتىگەن ، يېرىم كېچە ،

هوسۇل يىغىش ، يەر ئاغدۇرۇش ، پەرۋىش قىلىش ، ئۇرۇق چېچىش ، تاماق يېيىش ، يۈز - كۆز يۇيۇش ، ئورۇن - كۆرپە يىغىش ، ئورۇندىن تۇرۇش

3 . تۆۋەندىكى قالايمىقان ئورۇنلاشتۇرۇلغان پارچىنى تەكرار ئوقۇپ ، ئاندىن ئۆز رېتى بويىچە رەتلەپ چىقىڭلار .

## غاز بىلەن ئۆردەك

— بىز نېمىدېگەن چىرايلىق ! بىز ئەزەلدىنلا ئاپئاق ، پاكىز يارالغان . شۇڭا پاسكىنا ، كىر بولمايمىز ، — دەپ ماختىنىپتۇ ئۆردەك .

بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا توپا - چاڭنىڭ ئىچىدە يۈرگەن ئۆردەكنىڭ پەيلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ ، كۆمۈردەك قارىداپ كىرلىشىپ ، تەن - سالامەتلىكىمۇ ناچارلىشىپ ، كۆل بويىغا ئاران يېتىپ كەپتۇ .

كۆل بويىدا غاز بىلەن ئۆردەك ئۆزئارا گەپ تالىشىپ قاپتۇ .

— مەن سۇدا يۇيۇنمىساممۇ ئاپئاق ، پاكىز تۇرىۋېرىمەن ، — دەپتۇ ئۆردەك جاھىللىق بىلەن ۋە جاڭگاللىقنىڭ ئىچىگە يۈرۈپ كېتىپتۇ .

— دوستۇم ، سېنىڭ ئېيتقىنىڭ بەكمۇ

توغرىكەن ، بارلىق گۈزەللىك پاكىزلىقتىن كېلىدىكەن . پاكىز بولغاندا تەن ساق بولىدىكەن . مەن ھەركۈنى يۇيۇنۇپ تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندىم ، — دەپتۇ غازدىن ئىزا تارتىپ كەتكەن ئۆردەك ۋە سۇغا چۈشۈپ يۇيۇنۇشقا باشلاپتۇ .

— دوستۇم ، بىزنىڭ ئاپئاق ، پاكىز ، چىرايلىق كۆرۈنۈشىمىز ھەر كۈنى ئۆزىمىزنى سۇدا يۇيۇپ ، تازىلاپ تۇرغانلىقىمىزدىن ، دەپتۇ غاز سالماقلىق بىلەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يېڭى سۆزلەر

## ئا

ئاچچىق سوغۇق — جان - جىنىدىن ئۆتۈپ
كېتىدىغان قەھرىتان
سوغۇق

## ئە

ئەكچىش — قۇرۇشۇش، سۇيى قېچىش
ئەرمەك بولۇش — ئىچى پۇشقاندا بىرەر ئىش
بىلەن مەشغۇل بولۇش،
شۇغۇللىنىش
ئەندىكىش — چۆچۈپ كېتىش

## ب

بەرق ئۇرۇش — كۆكلەش، بىخلاش، گۈللەپ.

ياشناش
باشپاناهسىز — بېشىغا كۈن چۈشكەندە پاناھ بولىدىغان، بېشىنى سىلايدىغان ئادىمى بولماسلىق
بېخىل — پىششىق، باشقىلارغا قىلچىلىك مەنپەئەت يەتكۈزمەيدىغان ئادەم.
بىتەرەپ — ھەر ئىككىلا تەرەپكە يان باسماي، ئوتتۇرىدا تۇرۇش

ت

تىلغاش — يەرنى ئاغدۇرۇش
تەزىيە بىلدۇرۇش — ماتەم تۇتۇش، قايغۇسىنى بىلدۇرۇش
تاماشىبىن — ئويۇن ياكى تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە ئويۇن كۆرگۈچى.

ق

قېيداش — خاپا بولۇش، بىرەرىدىن

ئاچچىقلىنىپ ، رەنجىپ قىلىش

## ك

كۆلپەت — جاپا ، قايغۇ ، غۇربەتچىلىك

## ن

نەقىش — تام ۋە ياغاچلارغا ئويۇلغان ، قەغەز ۋە رەختلەرگە چېكىلگەن ھەر خىل گۈل ۋە شەكىللەر
ناماقۇل بولۇش — ئەپۇ سوراش ، خاپا بولماسلىقنى ئۆتۈنۇش

## ھ

ھۇۋەيدا — بىر شائىرنىڭ نامى
ھېرىسمەن — ھەۋەس قىلىش ، قىزىقىش ، ئامراقلىق

خەملێ . ئادلیست

4 ، سسسێ

ئەدەبیان کتاب